# ئىزدىنىش

(تاللانما)

4 2000

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2000-يىل 4-سان
(ئومۇمىي 142-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 3-، 4-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشايلى ... خۇ جىنتاۋ(2)**

**ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى ........................................ ۋاڭ چۈنجېڭ (25)**

ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئەقلىي تەپەككۇر ..................... **سۈي يىفەن(36)**

چوڭ ئىستراتېگىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك ........................................ **تاۋ ۋۇشيەن(43)**

**★4-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشايلى*

خۇ جىنتاۋ

مەركەزنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ”ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش“نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك-پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىشى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر چوڭ ئىشتۇر. ھازىر، ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى خىزمەت ئەھۋاللىرىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەگەن ئاساستا نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ يېتىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

## 1. بىر يىلدىن بۇيانقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئۈستىدىكى ئاساسىي مۆلچەر

بىر يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، كۈچلۈك رەھبەرلىك يۈرگۈزۈپ، مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپلا قالماي، يەنە ھالقىلىق ۋاقىتتا يىغىن چاقىرىپ، كۆپ قېتىم دوكلات ئاڭلاپ، مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى بەردى. يولداش جياڭ زېمىن ۋە مەركەزدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلار بەزى مۇھىم يىغىنلاردا سۆز قىلغاندا ۋە يەرلىككە

* بۇ ماقالە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 2000-يىلى 1-ئاينىڭ 5-كۈنى مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى. ژۇرنىلىمىز ئېلان قىلغاندا قىسقارتىلىپ، ماۋزۇ قوشۇلدى.

بىرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىمۇ ياخشى تۇتۇشنى تەكىتلىگەن. يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىدا مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەركەزنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئالاقە كېڭشى ۋە ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگەللەپ، تەكشۈرۈش-ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ۋە مەركەزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى پارتكوملار (پارتگۇرۇپپىلار) مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بويىچە خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، تەربىيە پائالىيىتىنىڭ پۇختا، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. نۆۋەتتە، 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە 142 مەركىزىي كومىتېت، دۆلەت ئورگىنىدىكى ئۆلكە-مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەش ئاياغلاشتى، مەركىزىي كومىتېت ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مەھكىمە، باشقارما دەرىجىلىك ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق، ساغلام يۈرۈشتى. رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىنتىزام جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىدى، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەركەزنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى قارارى پۈتۈنلەي توغرا. پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ ۋاقتى ياخشى تاللىنىپتۇ، نىشان، تەلەپلەر ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، فاڭجېن-پرىنسىپلار ۋە ئۇسۇل، قەدەم-باسقۇچلار ياخشى بېكىتىلىپتۇ، ئەمەلىي ئۈنۈمى روشەن بولدى، دەپ قاراشتى. ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىگە قاتناشقان كادىرلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر قېتىملىق چوڭقۇر ماركسىزملىق تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقىنى، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ بىر قېتىملىق قاتتىق چىنىقتۇرۇشىدىن ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. نۇرغۇن يولداشلار، بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئەڭ چوڭقۇر تەربىيە ئالغان، ئەڭ چوڭ مەنپەئەت ئالغان بىر قېتىملىق تەربىيە بولدى، دېيىشتى. نۇرغۇن ياش كادىرلار، پارتىيىگە كىرىپ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق رەسمىي ئولتۇرۇپ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلدۇق، بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق كەسكىن بولغان پارتىيە تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدۇق، ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلغۇسىز تەربىيىگە ئىگە بولدۇق، دېيىشتى. نۇرغۇن پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار،

كومپارتىيىنىڭ مۇشۇنداق كۈچلۈك ئىرادە بىلەن، مۇشۇنداق زور كۈچ چىقىرىپ، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا شۇنچە ئەستايىدىل بولغان ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشنى ئېلىپ بېرىشى كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاشقا ۋە ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت ۋە مەردانىلىقنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىنكاس قىلىشتى.

بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، رەھبىرىي كادىرلار ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

**(1) توغرا غايە ۋە ئېتىقاد تۇرغۇزۇش ئاڭلىقلىقى كۈچەيتىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسى چىڭىتىلدى.** نۇرغۇن يولداشلار ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئېچىپ بەرگەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، كوممۇنىزم غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ چىڭىتتى. كۆپچىلىك دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىنكى سېلىشتۇرما كۆزىتىشتىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيانقى قولغا كەلگەن پارلاق نەتىجىلەر ئۈستىدىكى ئەسلىمىدىن پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىز ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنىڭ جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىردىنبىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى باي، قۇدرەتلىك قىلىشتىكى داغدام يول ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. نۇرغۇن يولداشلار يېقىنقى يىللاردىكى سەرگۈزەشتىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىمىزنى بومباردىمان قىلغان زومىگەرلىكىگە قارشى كۈرەشىمىزگە، ”فالۇن گۇڭپىسى“ دېگەن بىدئەتچى تەشكىلاتقا قارشى كۈرەشىمىزگە، لى دېڭخۇيىنىڭ ”ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى“نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تەيۋەن مۇستەقىللىقى يولىدا جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى كۈرەشىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولغان ھالقىلىق پەيتلەردە ۋە خاتا ئىدىيە ئېقىملىرىغا دۇچ كەلگەن، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يۈزلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىغا قارىتا ئىشەنچىسى باشتىن-ئاياغ چىڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى، زور سىياسىي پرىنسىپ مەسىلىلىرىدە كاللىسى باشتىن-ئاياغ سەگەك، مەيدانى باشتىن-ئاياغ روشەن بولغان-بولمىغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا باشتىن-ئاياغ ساداقەتمەن بولغان-بولمىغانلىقىنى، ھارماي-تالماي كۈرەش قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتلەردە چوڭ ھەق-چوڭ ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالىغان-ئايرىيالمىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلاندى. نۇرغۇن يولداشلار شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، نەزەرىيە جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىكنى ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىت ۋە دۆلەت ئىچىدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ھەر زامان غەربتىكى دۈشمەن

كۈچلەرنىڭ ”پارچىلاش“، ”غەربچىلەشتۈرۈش“ سۇيىقەستىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش خەۋپىگە ھوشيار تۇرۇپ، ماركسىزمغا قەتئىي ئىشىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشى لازىم، بۇنىڭدىن گۇمانسىراشقا ۋە تەۋرەپ قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

**(2) سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيەت ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى كۈچەيتىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىش قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقى ئاشۇرۇلدى.** بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدە كۆپچىلىك ”ئۈچنى تەكىتلەش“نىڭ يادروسى سىياسەتنى تەكىتلەش دېگەن ئىدىيىنى قايتا۔قايتا ئۆگىنىپ، سىياسەتنى تەكىتلەشنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئاڭلىق ھالدا مەركەزنىڭ سىياسىئونلارنىڭ ساپاسى ھەققىدىكى تەلىپىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە خىزمەتلىرىگە سېلىشتۇردى. نۇرغۇن يولداشلار مۇشۇنداق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان سىياسىي كۆزقاراش سۇس بولۇش، سىياسىي ئۆتكۈرلۈك يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئىنكاس قىلدى. بەزىلەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېن۔سىياسەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسىنى تەھلىل قىلدى. بەزىلەر ”كەسىپكە ئەھمىيەت بېرىش، سىياسەتكە سەل قاراش“، خىزمەتتە بىر قول چىڭ، بىر قول بوش بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردى. بەزىلەر خىزمەتتە ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ، كەسىپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى تەكشۈردى. مۇشۇ ئاساستا تەجرىبە۔ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سىياسەتنى تەكىتلەشنىڭ ئابستراكت بولماستىن، كونكرېت ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتتى. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىمەن دەيدىكەن، سىياسىي ئۆتكۈرلۈكنى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. سىياسەتنى تەكىتلەشتە ئومۇمىيەتنى تەكىتلەش، مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيەت ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاخىرقى ھېسابتا ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي تەۋرەنمەي بىردەكلىكنى ساقلاشتا ئىپادىلىنىشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، پائال ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىنىشى لازىم. سىياسەت بىلەن كارى بولماي، كەسپىي خىزمەت بىلەن بەنت بولۇپ كېتىشكە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت مەسىلىسىدە خىيالىغا كەلگەننى قىلىشقا، ھەركىم ئۆز سەنىمىگە دەسسەشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

**(3) دېموكراتىيە۔مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچەيتىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.** ئۆگىنىش ۋە تەربىيە ئارقىلىق، نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە۔مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىپلا قالماي، ئىلمىي دېموكراتىيە ۋە توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى قانداق يولغا قويۇش ئۈستىدىكى تونۇشىمۇ تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.

ئۇلار شۇنى ھېس قىلدىكى، ئالدى بىلەن ئۆزىنى توغرا تونۇغاندا، ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويغاندىلا، ئاندىن شەخس بىلەن تەشكىلنىڭ، تۆۋەن بىلەن يۇقىرىنىڭ، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ، يەرلىك بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىۋىلىك ئارقىلىق دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھەر تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ ئىزچىللىشىشىغا، ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىر قىسىم ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىش، سۇبيېكتىپ ئوي-پىكىر بويىچە قارىسىغا ئىش كۆرۈش، بىر كىشىنىڭ گېپىلا گەپ بولۇش، كوللېكتىپنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلماسلىق، خاتا تەدبىر بەلگىلەپ قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى. بەزى يولداشلار رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا ساقلىنىۋاتقان بىر-بىرىگە ماسلاشماسلىق، ئىتتىپاقلاشماسلىق ياكى كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئانچە ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەردە جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى بىرلىكتە قوبۇل قىلدى. نۇرغۇن يولداشلار شۇنى تونۇپ يەتتىكى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش تەلپىدىن چىقىش قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىش كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنىڭ ئىپادىسى، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى. ئىلگىرى تەنقىدنى قوبۇل قىلىشقا بولۇپمۇ تۆۋەندىن بېرىلگەن تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىشقا كۆنمىگەن بىر قىسىم يولداشلارنىڭ تەنقىدنى ئاڭلاش ئاڭلىقلىقى ۋە روھىي جەھەتتىن تەنقىدنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئاشتى.

**(4) جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت كۆزقارىشى ۋە پاك-تەلەپچان بولۇش ئېڭى كۈچەيتىلىپ، چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاكتىپلىقى ئاشۇرۇلدى.** بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىدە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، ئاممىا بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى چوڭ مەسىلە قاتارىدا ھەل قىلىندى. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە نىزامنامىسىنى قايتىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئۆز-ئۆزىنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنى ئاممىنىڭ ياردىمى ۋە نازارىتى ئاستىغا قويۇش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى پارتىيىنىڭ ئاساسى، ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى دەپ قاراش ئېڭىنى كۈچەيتتى. نۇرغۇن يولداشلار سىياسەتنى تەكىتلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ۋە ئاممىۋى كۆزقارىشىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش ئەھۋالى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ، بيۇروكراتلىق، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈردى، ئۆزلىرىنىڭ "ئەمىلى ئۆسۈش بىلەن بىرگە مىجەزى ئۇساللىشىپ كېتىش"، پاك-تەلەپچان بولۇش بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلماسلىق، يولدىشى ۋە بالىلىرىغا تەلەپنى قاتتىق قويماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى

تەكشۈردى. ئۇلار ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن زېمىننى تونۇپ، دۇنياقاراش نۇقتىسىدىن سەۋەبنى تەھلىل قىلىپ، كەمچىلىكنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۈزەتتى. نۇرغۇن رەھبىرىي ئورگانلار ۋە تارماقلار ئاممىنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقىنى، خۇش بولۇش-بولماسلىقىنى خىزمەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى قىلىپ، ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى پائال تۈردە يەڭدى، بۇنىڭ بىلەن رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاممىا ھېسسىيات جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىنلاشتى، كادىرلار بىلەن ئاممىا ئىجىل بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ھەرقايسى ئىدارىلەر ئاممىا پاش قىلغان ۋە ئىنكاس قىلغان ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشقا ياتىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا، مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش بېرىشنى تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بايقالغان قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنىڭ مۇھىم يىپ ئۇچلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى.

**(5) خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئاكتىپچانلىق كۈچەيتىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى ئۇرغۇتۇلۇپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق قاتارلىق ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈنۈملۈك ئالغا سۈرۈلدى.** ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار ”ئۈچنى تەكىتلەش“تە باشتىن-ئاياغ يىغىپ تەربىيىلەش بىلەن نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىشتا چىڭ تۇردى. رەھبىرىي كادىرلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن قانات يايدۇرۇلغان ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى يېڭى ئەسىرگە قەدەم بېسىش سەپىرىدە ئۆزىگە كۈچ-ئىلھام بەخش ئەتكەنلىكىنى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئالغا ئىنتىلىش روھىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. كۆپچىلىك ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئارقىلىق ئىدىيە جەھەتتە، ئىستىل جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولىدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان، ئېغىر يۈكنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ قېتىملىق چوڭ سىياسىي كۈرەش ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى سىنىدى؛ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە مەركەزنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، كۈرەش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىدىيە جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۆگىنىش، تۈزەش، ياخشىلاش جەريانىدا، نۇرغۇن ئىدارىلار ”دەرۋازىنى قاتتىق ساقلاش، پوزىتسىيە سوغۇق بولۇش، ئىشنى ئۇ يان-بۇ يانغا ئىتتىرىش“تەك مەسىلىلەرنى، خىزمەتنى چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشلىمەسلىك، مەجلىس، ھۆججەتلەر زىيادە كۆپ بولۇش، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىلىرىنى پائال تۈردە ھەل قىلدى، ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئاممىا ئەرز قىلغان ئەنزىلەرمۇ ھەل قىلىندى. يەنە بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلار كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.



www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. ئەمما نەتىجىلەرنى ئارتۇقچە مۆلچەرلىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈپ يېتىش لازىمكى، بىر قىسىم جايلار ۋە ئورۇنلاردا رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئىدىيە جەھەتتىكى ئەھمىيەت بېرىش ۋە خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىق دەرىجىسى پەرقلەنگەچكە، تەرەققىياتى تەكشى بولمىغاچقا، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرمۇ ئانچە ئوخشاشمايدۇ. بەزى يولداشلارنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىدى، تۇتقان ئۆلچىمى يۇقىرى بولمىدى، قويغان تەلپى قاتتىق بولمىدى، ئاممىنى قوزغىشىمۇ تولۇق بولمىدى. بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا ”ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش“ ئىدىيىسى بار بولۇپ، ئۆگەنگەن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلىشى يېتەرلىك بولمىدى، ئىدىيىنى تەھلىل قىلىشى چوڭقۇر بولمىدى، ئاما ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قارىتا يېتەرلىك تونۇشتا بولمىدى، بەزى ئىدارىلەردە ۋاقىت قوغلىشىدىغان، سۈرئەت قوغلىشىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ، تەربىيىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. بەزى ئىدارىلەرنىڭ ياخشىلاش ئىشلىرىنى تۇتۇشى يېتەرلىك بولمىدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. ھەرقايسى جايلار، تارماقلار ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى خىزمەتلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بويىچە قاراپ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ يېڭى باشلىنىشى قىلىشى لازىم. ھازىرقى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغان ھەرقانداق ئوي-پىكىر زىيانلىقتۇر.

## 2. ئەمەلىي ئىزدىنىش جەريانىدا يارىتىلغان يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەش ۋە ئوبدان تەتبىقلاش لازىم

ئەمەلىيەت ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ھەمدە ئۇنى قايتىدىن ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىش بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆگىنىش قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزنىڭ مۇھىم يولىدۇر. ھەرقايسى جايلار، تارماقلارنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىسەك، ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**بىرىنچى، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، مەۋقەيىمىزنى باشتىن-ئاياغ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىگە قويدۇق.** بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ كۆرۈنەرلىك بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، باشتىن-ئاياغ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ئۆگىنىش ئىستىلى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشتە، نەزەرىيە ئۆگىنىش، كاللىنى قوراللاندۇرۇشنى ئىدىيىنى تۈزەش، ئىستىلنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەش-

تۇرۇشتە چىڭ تۇرۇلدى، ئۆگىنىش ئەستايىدىل بولدى، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىش بىرلەشتۈرۈلدى، نىشانلىق ئوق ئېتىلدى. نەزەرىيە ئۆگەنگەندە ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، ھەم سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. نەزەرىيىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگەللەش ئاساسىدا، نەزەرىيە-نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز ئىدارىسىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى خۇلاسىلەندى، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل ئەھۋالى تەھلىل قىلىندى، ھەم نەتىجە ۋە تەجرىبىلەر خۇلاسىلەندى، ھەم ئۆزى تۇرغان جايلار ۋە ئورۇنلاردا كۆرۈلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەر تەتقىق قىلىندى، يۈز بەرگەن خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىشقا، دۇنياقاراشنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن سەۋەبنى تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. مۇشۇنداق نەزەرىيە ئۆگىنىش ئەمەلىيەت بىلەن زىچ باغلانغان، ئىدىيىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تەگكەن بولغاچقا، رەھبىرىي كادىرلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆگىنىش مەزمۇنى كاللىغا سىڭگەنسېرى، ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى كۈچىنى تونۇپ يەتكەنسېرى، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش ۋە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە بولغان ئارزۇ كۈچىيىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەر-تىش ئەمەلىيىتى بىلەن، بولۇپمۇ سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ياخشى ئۆگەنگىلى، زور نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، ئۆلچەمنى يۇقىرى قويۇش، تەلەپنى قاتتىق قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلارنى ئۆزىنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە بولغان ئىچكى ھەرىكەتلەندۈر-گۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتتۇق.** بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى تەھلىل قىلىش، ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىنى قوزغاش-قوزغىيالماسلىقى ۋە جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقى "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ھالقىسىدۇر. بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشتە، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۆزىنى تونۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئۆزىنى تەھلىل قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى لازىم دېگەن تەلەپنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىشكە باشتىن-ئاياغ ئەھمىيەت بېرىلدى. ئەمەلىيەت بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى باشلىنىشى بىلەنلا، رەھبىرىي كادىرلار يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزىنى دەڭسەشتىكى قارىغۇلۇقنى تۈگىتىپ، نەتىجە بىلەن مەسىلىگە، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىككە توغرا قاراشقا، شەخس بىلەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ، ھازىرقى رەھبەر بىلەن ئىلگىرىكى رەھبەرنىڭ، ھازىرقى ئىش ئورنى بىلەن ئىلگىرىكى ئىش ئورنىنىڭ، يۇقىرى

بىلەن تۆۋەننىڭ، سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەندى، ھەممە باشتىن-ئاياغ مۇشۇ يول تۇتۇلدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم يولداشلار رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەمەلىيىتىدىن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان پەرقنى، ئاما ئوتتۇرىغا قويغان تەنقىد ۋە پىكىرلەردىن ئۆزىنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ۋە ئىستىل جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىنى، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدا يۈز بەرگەن زور ئىشلار ياكى تىپىك ئەنزىلەردىن ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى ئىزدەپ تېپىپ، مۇشۇ ئاساستا گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىش جەھەتتىكى يېتىشسىزلىك ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىكى مەنبەنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. مۇشۇنداق قىلغانلىقى يولداشلار بىر قەدەر زور نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئاممىمۇ بىر قەدەر رازى بولدى.

**ئۈچىنچى، ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا، پىلانلىق ھالدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ باردۇق.**

بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەش ئاممىنى كەڭ سەپەرۋەر قىلىش، تولۇق پىكىر ئېلىش، ئاما قىزغىن قاتنىشىش، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىش جەھەتلەردە كۆپ يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن ئىش. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇردىكى، يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش خۇددى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئوخشاشلا ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرقايسى ئىدارىلەر ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى جەريانىدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى بىلەن ئاممىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىش، ئاممىغا تولۇق تايىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى ۋە ھەر بىر مۇھىم ھالقىلىرىغىچە ئىزچىللاشتۇردى. ئىشىكنىڭ مۇشۇنداق كەڭ ھەم لايىقىدا ئېچىۋېتىلىشى بىلەن، دېموكراتىيىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم رەسمىيەتچىلىك قىلىشنىڭ ئالدى ئېلىندى، ھەم ئىلگىرىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردىكى ”سول“ چىللىقنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئاممىنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“كە قاتنىشىشتىكى قىزغىنلىقى بىر قەدەر ياخشى قوزغىتىلدى ۋە قوغدالدى، ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان تەربىيىلەش، نازارەت قىلىش رولى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلدى. بۇ ھەقىقەتەن ماركسىزملىق ئاممىۋى كۆز قاراش، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىجادىي تەتبىقلىنىشىدۇر. ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سەپەرۋەر قىلىش باشلانغان چاغدىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ مەقسەت، تەلەپلىرىنى، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە قەدەم-باسقۇچ، ئۇسۇللىرىنى ئاممىغا چۈشەندۈردى، رەھبىرىي كادىرلارمۇ ئۆزىنىڭ سەممىيىتى بىلەن ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە

www.uyghurkitap.com

ئېرىشتى، كادىرلار بىلەن ئاما كۆڭلىدىكىنى ئېيتىدىغان ۋەزىيەت خېلى تېزلا شەكىللەندى. رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەھلىل قىلىشتىن بۇرۇن، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق خېلى كەڭ دائىرىدە ئاممىنىڭ پىكرىنى ۋە باھاسىنى ئاڭلىدى. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئەھۋالى ئۆز ۋاقتىدا ئاممىغا يەتكۈزۈپ تۇرۇلدى. تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى يىغىلدى. بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشتە، ئاممىدىن كەلگەن پىكىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجابىي ۋە سەممىي پىكىرلەر، بەزى پىكىرلەر ئۆتكۈر تەنقىدىي پىكىر بولسىمۇ، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان كۆيۈنۈش ۋە ئاسراش ئىپادىلەنگەن. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەردىنى ئېلىۋالىدىغان، ئۆچ ئالىدىغان ئىشلار بولسا ئايرىم ھادىسىلەردۇر. نۇرغۇن رەھبىرىي يولداشلار چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاممىنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتتىم، مۇبادا ئاممىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئىدىيە جەھەتتە ئۆرلىيەلمىگەندەكمىز، پارتىيىۋىلىك چېنىقىشى جەھەتتە ئىلگىرىلىيەلمىگەندەكمىز.

**ئۆتنىچى، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قورالىنى ھەقىقىي قولغا ئېلىپ، ئاكتىپ، ساغلام بولغان ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنى كەسكىن، ئەستايىدىل، جانلىق بولغان پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشتا پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق.** ئۆتكەنكى بىر مەزگىلدە، خېلى كۆپ پارتىيە تەشكىلى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد تۈزدە قانات يايدۇرۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى، بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن يولداشلاردا بۇ ئىدىيىۋى قورالنى قولغا ئېلىش-ئالالماسلىققا قارىتا جۈرئىتى ۋە ئىشەنچىسى كەمچىل ئىدى. ئۆگىنىش، تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە، بولۇپمۇ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنىڭ زۆرۈرىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىچكى شەۋەب بىلەن تاشقى سەۋەبنى، شەخس بىلەن تەشكىلنى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى، رەھبەر بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈپ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئۈنۈملۈك ئۇسۇل تېپىپ چىقىلدى، ئۇ بولسىمۇ "ئۆزى تېپىش، ئاما ئوتتۇرىغا قويۇش، يۇقىرى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش" تۇر. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق بىر خىل ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، نەتىجىسىمۇ ياخشى بولدى. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاما ئارىسىدا، مەيلى پىكىر بايان قىلىش ياكى پىكىر ئاڭلاشتا بولسۇن، مەيلى ئۆزئارا سىردىشىش، ياكى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىشتا بولسۇن، ھەم مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بولمىدى، ھەم ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد ئېلىپ بېرىلدى، نېمە ئىش بولسا شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىدىغان، پرىنسىپال مەسىلە دەپ چەكسىز مۇبالىغە قىلىۋېتىدىغان ئىشلار كۆرۈلمىدى، ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

نۇرغۇن ئىدارىلەردە، ئاممىنىڭ سەممىي پىكىر بەرگەنلىكى، تەشكىل مەسىلىنى دەل جايىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر ئۆزئارا سەممىي ياردەم بېرىشكەنلىكى ئارقىسىدا، كادىرلارنىڭ مەسىلىسىنى تېپىشى دەل جايىدا بولدى، ئۆزىنى تەھلىل قىلىشى بىرقەدەر چوڭقۇر بولدى، بۇنىڭ بىلەن تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد ھەقىقىي تۈردە قانات يايدۇرۇلۇپ، مەسىلىلەرمۇ بىرقەدەر ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى. "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا، بىر قىسىم كادىرلار ئۆزىنى زىيادە مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىپ، يۇقىرى باھالىۋېتىپ، مەسىلىنى ئاندا-مۇندىلا تەسۋىرلەپ قويىدىغان، ھەتتاكى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەنىدى. تەشكىل، ئامما ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى خادىملارنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمىدە ئۇلار ئاخىرى ئۆزىنىڭ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، بىرقەدەر چوڭقۇر تەكشۈردى، ھەمدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمىغۇدەك تەسىراتقا كەلدى.

**بەشىنچى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇش، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق.** بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشتە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق. تەربىيىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئېغىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، رەسمىيەتچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە قاتمۇقات رەھبەر مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پارتكوم (پارتگورۇپپا) ۋە بىرىنچى مەسئۇل كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بەلگىلىدۇق ھەمدە پارتكوم رەھبەرلىكىدە كۈندىلىك خىزمەتكە مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئورگانلارنى تەسىس قىلدۇق. خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە، ئەستايىدىل پىلان تۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىش، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردۇق، "بىر داۋراڭ بىلەن تەڭ باشلايدىغان" ئىشنى قىلمىدۇق. كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش بىلەن نەسىھەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار ئۈلگە كۆرسىتىش ئاساسىدا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دەرىجىمۇدەرىجە ئالغا سىلجىتىش يولىنى تۇتتۇق، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن تەڭ تۇتۇش قىلىدىغان ئىشنى قىلمىدۇق. "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىدە ئۈنۈمى چوڭ بولغان ئورۇنلاردا، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى كۈچلۈك بولغاندىن باشقا، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولۇشى ۋە يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىشى، مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىنى قەتئىي، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ئىدىيىۋى-سىياسىي سەۋىيىسى يۇقىرى، تەجرىبىسى مول بىر تۈركۈم پېشقەدەم يولداشلار باشچىلىقىدىكى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى پارتكوم (پارتگورۇپپا) بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ، نازارەتچىلىك-يېتەكچىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ھەم ھەممىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالماي، ھەم ياندا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرماي، ھەر بىر باسقۇچتا ئۆتكەلنى قاتتىق تۇتۇشتا چىڭ تۇردى. بۇ تەدبىرلەر

"ئۈچنى تەكتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ھەم ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبەرىي كادىرلار ئارىسىدا ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن "ئۈچنى تەكتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا چىقارغان قارار رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىنىڭ تەدرىجىي ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان توغرا تەدبىردۇر. پۈتۈن مەملىكەتتىكى نەچچە يۈز مىڭ رەھبەرىي كادىر ۋە نەچچە مىليون كادىر، ئاما قاتناشقان بۇ قېتىمقى "ئۈچنى تەكتلەش" تەربىيىسى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيە قۇرۇلۇشنى بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئىجادىي ئىزدىنىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەت، يەنە ئىستىل تۈزىتىش روھى ۋە پارتىيىنىڭ "ئۈچ چوڭ ئىستىلى"نىڭ يېڭى دەۋردىكى راۋاجى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى. ھازىر "ئۈچنى تەكتلەش" تەربىيىسى گەرچە يەنىلا داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق نۇرغۇن يولداشلار بۇ قېتىمقى تەربىيىدە جۇغلانغان تەجرىبىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، نۆۋەتتىكى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى پارتىيە قۇرۇلۇشنى بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ياخشىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. مەن ھازىر دەپ ئۆتكەن بىرنەچچە تەجرىبىلەر "ئۈچنى تەكتلەش" تەربىيىسىنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئومۇمىي تەرەپتىن چىقارغان دەسلەپكى مۇلاھىزە، بۇنىڭدىن مەقسەت ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە رەھبەرىي يولداشلارنىڭ "ئۈچنى تەكتلەش" تەربىيىسىنىڭ بىزگە بەرگەن پايدىلىق ئىلھامىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن قانۇنىيەتلىك تونۇشنى ئىزدەپ، ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەپ ھەمدە قوبۇل قىلىش، ھەزىم قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى ھەقىقىي ھالدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي ئورگانلار ۋە رەھبەرىي كادىرلار ھەمدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاڭلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىش.

## 3. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، نەتىجىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش لازىم

بۇ يىل، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم يەنىلا مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، رەھبەرلىك

بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلەشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىدا ھەقىقىي تۇردە چىڭ، ياخشى تۇتۇشى، ئازراقمۇ بوشاشماسلىقى كېرەك.

”ئۈچىنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەش ئاياغلاشقان جايلار ۋە ئىدارىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۈزەش-ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھالدا ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملىشى ۋە كېڭەيتىشى كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ جايلار ۋە تارماقلار ئالدىنقى بىر مەزگىللىك تۈزەش-ياخشىلاش ئىشىدا بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. بىراق بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش خىزمىتىنى ئىشلەشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىدى، ئىلگىرىلىشى ئاستا بولۇپ قالدى، ئايرىملىرى ھەتتا تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسىنى تاختىپشىغا ئېلىپ قويدى. بەزىلىرى تۈزەش-ياخشىلاشنى جىددىي ئىش دەپ قارىمىدى، پۇختا ئىشلىمىدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. بەزىلىرى تۈزەش-ياخشىلاشنى تۇتۇشتا ئاممىغا تايانمىدى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلمىدى، خىزمەت ئاشكارا ھالدا ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتتى. كۆرۈپ يېتىش كېرەككى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ قېتىمقى ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىگە بولغان ئۈمىدى ناھايىتى يۇقىرى، ئۇلارنىڭ ھازىر ئەڭ ئەنسىرەۋاتقىنى تۈزەش-ياخشىلاشنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىدىغان-بېرىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بىز ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا رەسمىيەتچىلىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ دېگىنىمىزدە يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدىكى خىزمەتلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل تۇتۇش كېرەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى تەربىيىلەش ئارقىلىق رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلارنى ئىدىيە جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن، ئىنتىزام جەھەتتىن، ئىستىل جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشكە ئىگە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆزدە تۇتقان. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەربىيە نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى بىر تۇرلۇك نۇقتىلىق ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇشى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىش ۋە نەتىجىلەرنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ”ئۈچىنى تەكىتلەش“كە بولغان ئاڭلىقلىق جەھەتتە ئىپادىلىشىگە، ياخشى روھىي كەيپىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈشىگە، ھەر تۇرلۇك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

**بىرىنچى، مەركەزنىڭ ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر قېتىملىق ”بۇرۇلۇپ قاراش“ پائالىيىتىنى تەشكىللەش كېرەك.** ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەش ئاخىرلىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، بىر قېتىملىق ”بۇرۇلۇپ قاراش“ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تەربىيىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تۈزەش-ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىنتايىن زۆرۈر. ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك پارتكوملار، مەركەزدىكى ھەرقايسى تارماقلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىن ھەرقايسى مىنىستىرلىك،

www.uyghurkitap.com

كومىتېت، ئىشخانا، ئىدارىلەرنىڭ پارتگۇرۇپپىلىرى (پارتكوملىرى) مەركەزنىڭ يېقىنقى بىر قاتار مۇھىم كۆرسەتمىلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەركەزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قويغان تەلىپىنى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇپ، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىنى ئەسلەپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدە ئەكس ئەتكەن مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ”ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش“تىكى ئاڭلىقلىقنىڭ ھەقىقىي ئۆسكەن-ئۆسمىگەنلىكىگە، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئاما ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىغا، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ روشەن ھالدا ياخشىلانغان-ياخشىلانمىغانلىقىغا قارىشى كېرەك. بولۇپمۇ مەركەزنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدا ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان زور مەسىلىلەرنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك. ”بۇرۇلۇپ قاراش“ ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خىزمەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتتە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسىنى ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك.** ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ”ئۈچنى تەكىتلەش“تە تېپىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان. بىراق تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، قەغەز يۈزىدىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى بىر-بىرلەپ يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. تۈزەش-ياخشىلاش خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە مەركەزنىڭ مۇھىم قارارلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بىرىكمە كۈچىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش كېرەك. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چوقۇم ھەقىقىي تۇتۇش قىلىش كېرەك. كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن ھەل قىلىشقا شارائىتى بولغانلىرىنى چوقۇم ئەمەلىي، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ تېزدىن ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك. مۇشۇ ئىشنى ئەمەلىي ئىشلەش-ئىشلىيەلمەسلىك ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدە رەسمىيەتچىلىك قىلغان-قىلمىغانلىقىنى سىنايدىغان ئەمەلىي سىناق. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار داۋاملىق ھالدا بىرىنچى مەسئۇل كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى، بېتەرلىك زېھنىي كۈچىنى چىقىرىپ تۈزەش-ياخشىلاش خىزمىتىنى تۇتۇشى كېرەك. ھەر بىر

رەھبەرلىك بەنزىسى مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن تۈزەش-ياخشىلاش ۋەزىپىسىنى پارچىلاپ بەنزە ئەزالىرىغىچە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇل كىشىلىرىگىچە تەقسىم قىلىپ بېرىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، رەھبەرلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.** بۇ "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ تۈزۈم كاپالىتى. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىسى ساندا ئەمەس، بەلكى سۈپەتتە. "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشتە تەكشۈرۈپ چىققان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قائىدە-تۈزۈم ئورنىتىش كېرەك. بۇرۇنقى ياخشى تەجرىبىلەر ۋە "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىدە يارىتىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى رەھبەرلىك خىزمەت تۈزۈمى، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇش تۈزۈمى، كادىر ئىشلىرى تۈزۈمى، ئورگان باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ھوقۇقنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش قاتارلىق ھەر جەھەتلەرگە تەتبىقلاش كېرەك. مەسىلەن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇش، ناچار ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى تۈزىتىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىسى مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشىنى ۋە كادىرلارغا قارىتىلغان نەزەرىيە تەربىيىسىنى ياخشىلاشقا تەتبىقلاش كېرەك؛ دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەھلىل قىلىش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تەتبىقلاش كېرەك؛ ئاممىنى تولۇق قوزغاش، ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، ئاممىنىڭ باھالىشىنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى كادىرلارنى تەكشۈرۈشنى ياخشىلاشقا، رەھبىرىي كادىرلار، رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەتبىقلاش كېرەك؛ ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىشتەك مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىكى كۈندىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئىشىغا تەتبىقلاش كېرەك، ۋەھاكازالار. تۈزۈم تىكلەنگەن ھامان، ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ياخشى ئىجرا قىلىنمىغانلارنى قاتتىق تەنقىدلەپ، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

**تۆتىنچى، ئاممىغا يېقىندىن تايىنىپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ ئۇسلۇب تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.** "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا، ئاممىنى كەڭ دائىرىدە قوزغاپ ۋە ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مىڭمىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش ئېلىپ بېرىشتا يەنىلا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك. ئاممىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا تەشنا ھەم بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ. ئاممىنىڭ تۈزەش-ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلۈش، قوللاش ۋە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى چوقۇم ياخشى يېتەكلەش، ياخشى قوغداش ۋە ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسىنى بېكىتىشتە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش كېرەك. تۈزەش-ياخشىلاشقا ئالاقىدار

ئەھۋاللارنى ئاممىغا ئۇقتۇرۇش، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. تۈزەش-ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولغانلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئاممىنىڭ رازى بولغان-بولمىغانلىقىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش كېرەك. دەرھال ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولمىغان، ئاممىغا چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**بەشىنچى، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدە رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارغا بەرگەن باھاسىغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشى، ئامما بەرگەن باھانى كادىرلارغا بولغان ئادەتتىكى چۈشىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا كادىرلارنىڭ ئەخلاقى، قابىلىيىتى، تىرىشچانلىقى، نەتىجىسىگە ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. ھەقىقەتەن ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، نەتىجىسى گەۋدىلىك، ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلغان كادىرلارنى، بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يۈرەكلىك ھالدا ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك. ئاممىنىڭ پىكرى چوڭ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى تەشكىلىي يول ئارقىلىق قەتئىي تەڭشەش كېرەك. ”ئۈچنى تەكىتلەش“ جەريانىدا بايقالغان ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان چوڭ مەسىلىلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى ۋاقتىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىغا ياكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرگە تاپشۇرۇپ قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

## 4. ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قاتارىدا چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك

پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، دۆلەت ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ھەمدە ئومۇمىي خىزمىتىمىزدە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى باغلاشتۇرىدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگانلار دۆلەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئامانلىقى ۋە ھاكىمىيەت مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم ئاساسى. ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شەھەر، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق، قابىلىيەت جەھەتتىكى ساپاسى، روھىي ھالىتى ۋە خىزمىتىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىگە، شۇ يەرنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنى كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان، چېنىقتۇرىدىغان مۇھىم بىر قاتلام، خېلى كۆپ سانلىق ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلار ھەتتا بىر قىسىم ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك

ئورنىدىن يېتىلىپ چىققان، مەيلى پارتىيە قۇرۇلۇشى نۇقتىسىدىن ياكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى نۇقتىسىدىن قارىمايلى، مەيلى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى نۇقتىسىدىن ياكى "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پۈتۈن يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ سۈپىتى ۋە نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش نۇقتىسىدىن قارىمايلى، ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ناھىيە(شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلار سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچلىك، خىزمەتتە ئەستايىدىل، تىرىشچان، ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئۇلار ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ بىرىنچى سەپتە ئىشلەپ، نۇرغۇنلىغان جاپالارنى تارتتى ھەم ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ دەرىجىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆپى نىسبەتەن ياش بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ماركسىزملىق نەزەرىيىنى سىستېمىلىق ئۆگەنمىگەن، مۇرەككەپ سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىگەن، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنىڭ قاتتىق تاۋلىشىغا ئۇچرىمىغان، ئۇلاردا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان، بەزىلىرىدە بۇ مەسىلىلەر خېلىلا ئېغىر. بۇ كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياردەم بېرىش ناھىيە(شەھەر) رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى. ئالدىنقى مەزگىلدە ئۆلكە، مىنىستىر، ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارە ۋە 110 ناھىيە(شەھەر) سىناق نۇقتىسىدا توپلانغان تەجرىبىلەر، پارتىيىنىڭ ئىچى-سىرتىدا يارىتىلغان "ئۈچنى تەكىتلەش" قىزغىنلىقى ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بىراق، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سانى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، ئەھۋالى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، تەربىيىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ، خىزمەت ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر. شۇڭا، مەركەزمۇ، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارمۇ ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، ئەتراپلىق پىلانلاپ، ئىخلاس بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ "ئۈچنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنى ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۆتكەن يىلى "1-ئىيۇل"نى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئۆلكە، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنىڭ تەجرىبىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ھەم ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خىزمەت ئېلىپ بېرىش، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتە ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ يەردە مەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى تەكىتلەيمەن:

**بىرىنچى، ناھىيە(شەھەر)لەرنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلىشىدە نۇقتىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.** ئالدىنقى بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈش ۋە نۇقتىدا سىناق قىلىشنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە ئومۇمەن تۆۋەندىكى بەش جەھەتتىكى مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش لازىم. بىرىنچى، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچنى چىڭىتىش كېرەك. ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش ۋە ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە مەركەزنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنى قەتئىي، ئەتراپلىق ئىجرا قىلىش كېرەك. يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، خىزمەتنى پۇختىلىق بىلەن ياخشى ئىشلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. خىيالىغا كەلگەننى قىلىش، بىر تەرەپلىمىلىك قىلىش، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، ئاددىيلاشتۇرۇۋې-تىش ۋە «قىل دېگەننى قىلماسلىق، قىلما دېگەننى قىلىش»تەك ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك. ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىش، ئادىل ئىش بېجىرىش، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاش، پاك-تەلەپچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە دائىر تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. شەخسلەر رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە ئۆزىنى ئالاھىدە ئۇرۇنغا قويۇپ، «بىر كىشىنىڭ گېپىلا گەپ بولۇش» ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشتەك ئىشلارنى تۈگىتىشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك؛ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، لىبېرالىزم، ئاددىم توپلاپ گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇشتەك ناچار ئىستىللارغا قارشى تۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، ئاممىغا تايىنىش، مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشتەك ياخشى ئىستىلنى تىكلەش كېرەك. بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق، سۆلەتۋازلىق، نەتىجە يارىتىشقا ئالدىراپ كېتىش، ئاددىي ھەم قوپال ئۇسۇل بىلەن ئىشلەش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتەك ناچار ئىستىللارنى ئەستايىدىل تۈگىتىش كېرەك. ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، نۇقتىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش كېرەك. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار، ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلار ۋە ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي تايانچ بازا رايونلىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدە مەسىلىلىرىمۇ بار، ھەرقايسى جايلار چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، كونكرېت

يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، مەۋقەنى باشتىن-ئاخىر كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈستىگە قويۇش كېرەك.** ناھىيە(شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەربي كادىرلار ئارىسىدا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ نۇرغۇنى ئۆگىنىش، تەربىيىلەشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان، شۇڭا بۇ مەسىلىلەرنى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش، مېڭىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىگە سەل قاراش، ئۆگىنىشكە سەل قاراشتەك ئېغىشنى تۈگىتىشكە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ ۋە ئەستايىدىل قوللىنىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى ئايرىۋېتىش، سۆز بىلەن ھەرىكەتنى بىردەك بولماسلىقتەك ناچار ئۆگىنىش ئىستىلىنى قەتئىي تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. دەسلەپكى باسقۇچتىلا قەتئىي نىيەت بىلەن زۆرۈر ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۇلارنى بېسىپ ئولتۇرۇپ مەركەز بەلگىلەپ بەرگەن ئوقۇشلۇق ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈيۈشتۈرۈش لازىم. شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، مەجبۇرىي ھالدا قانچە خەتلىك كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىشنى بەلگىلەپ بەرمەسلىك كېرەك، بىراق ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈشنى، ھەقىقىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى مەخسۇس تېما بويىچە مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۆزئارا تەسىرات ئالماشتۇرۇشقا ئۈيۈشتۇرغاندىن سىرت، ئۆلكە، ۋىلايەتنىڭ رەھبەربي كادىرلىرى ئۆزىنىڭ "ئۈچنى تەكىتلەش" داۋامىدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتىكى بىۋاستە تەسىراتلىرى ئارقىلىق ناھىيە(شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەربي كادىرلارغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئۆز-ئۆزىنى تەھلىل قىلىش، رەھبەرلىك بەنزىسى بويىچە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىدە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ۋاقىتنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن تارقاقلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكنى قەتئىي مەركەزلەشتۈرۈش، تارقاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان پائالىيەتلەرنى لايىقىدا تارقاقلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك، بىراق چوقۇم تەلەپ قويۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك، پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**ئۈچىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي ئاممىنى قوزغاپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىش كېرەك.** بۇ—ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، رەسمىيەتچىلىك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ھالقىسى. ناھىيە(شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبەربي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا بىۋاستە يۈزلىنىدۇ، ئامما بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى كۆپ بولىدۇ، بۇ- ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى. بىراق بۇنىڭلىق بىلەنلا قاتمۇقات ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىپ، "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىدە ئاممىنى

قوزغاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئامما تايانمايدىغان يولنى تۇتۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئاساسىي قاتلامغا قانچە بىۋاستە يۈزلەنسە، ئاممىنىڭ پىكرىنى شۇنچە ئەستايىدىل ئاڭلاش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە جاۋابكارلىق ئاساسلىقى رەھبىرىي كادىرلاردا، پەقەت دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ئاممىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن رەھبەر بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدە چوقۇم ئاممىنى تولۇق قوزغاش، ئاممىغا تايىنىش كېرەك. ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى باشلىنىش بىلەنلا، مەركەزنىڭ بۇ قېتىمقى ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ مەقسىتى، تەلىپى، فاڭجېنى، پرىنسىپى ۋە ئاساسىي ئۇسۇلىنى كەڭ ئاممىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. ئاممىنى تولۇق قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنى يېتەكلەش خىزمىتىنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ناھىيە(شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدىكى پىكىر ئېلىش ئىشى پرىنسىپ جەھەتتە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم (ئىدارە) باشلىقى، يېزا-بازار پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلار ۋە پىنسىيىگە چىققان ناھىيە دەرىجىلىك پېشقەدەم يولداشلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنە سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بىر قىسىم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى، كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ۋە پارتىيە سىرتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك زاتلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا بولىدۇ، شۇ ئورگاندىكى خادىملارنىڭ شۇنىڭ-دەك بىر قىسىم كارخانا، مەكتەپ مەسئۇللىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقىمۇ بولىدۇ. دېموكراتىك ئاساستا باھالاش، دېموكراتىك ئاساستا سىناپ باھالاشنى بىر دەرىجە تۆۋەن رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى بىرىنچى باشلىقلار ۋە دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان ناھىيە دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

**تۆتىنچى، سىياسەتنى توغرا ئىگىلەپ، ھەر بىر كادىرنىڭ تۆھپە-سەۋەنلىكىگە، ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئادىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك.** ھازىر، ئاممىنىڭ پىكرى نىسبەتەن كۆپلۈك بولغان مەسىلىلەر ناھىيە(شەھەر) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئورگانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى ۋە خىزمىتى جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن بولغان، بىراق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ تەلىپىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرمۇ خېلى بار، يەنە بەزىلىرى پارتىيە ئىچى ياكى بەنزە ئىچىدىكى تۇرمۇشنىڭ نورمال بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ”ئۈچىنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشتە، چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەر بىر رەھبەرلىك بەنزىسىگە، ھەر بىر رەھبىرىي كادىرغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھەم خىزمەتتە نەتىجىسى بار دەپ مەسىلىسىگە كۆز يۇمماسلىق، ھەم مەسىلىسى بار دەپ ھەممىسىنى ئىنكار قىلماسلىق لازىم. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن،

فاگچېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان، خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرالايدىغان، ئەسكى ئادەم، ئەسكى ئىشلارنى ۋە ناچار ئىستىل، ناچار كەيپىياتلارنى تۈزىتىشتا، بىر تەرەپ قىلىشتا جۈرئەت قىلىدىغان كادىرلارغا قارىتا، ھەم ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە، كەمچىلىكىنى تۈگىتىشكە، بىتەرەسزىلىكىنى تولۇقلىشىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش كېرەك، زۆرۈر تېپىلغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ياكى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادىل گەپ قىلىشى كېرەك. بەزىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەخسىي ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش، ئۆچ ئېلىش مەقسىتى بىلەن قەستەن سۇنى لېيىتىپ ”ئۇچىنى تەكتلەش“ تەربىيىسىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاشىلا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇ خىل ئەھۋال بايقالغان ھامان، قەتئىي، مۇۋاپىق چەكلەش كېرەك.

**بەشىنچى، ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى ياخشى تاللاش، قابىلىيەتلىكنى تاللاش، ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.** بىر ناھىيە(شەھەر)گە چوقۇم بىر ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىشى كېرەك. ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى بىلەن رايون ئاتلاپ تاللاپ ئەۋەتىلىدۇ. شۇ رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلار پرىنسىپ جەھەتتە شۇ رايوننىڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بۇ شۇ رايوندىكى كادىرلارغا ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شەھەر ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلەردىن ئاجرىتىلغان ناھىيە (شەھەر) خىزمىتىگە پىششىق، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، ئادىل، پارتىيە ئىشلىرىدا تەجرىبىلىك، سالامەتلىكى ياخشى مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پېشقەدەم يولداشلار (جۇملىدىن خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتە ۋەزىپە ئۆتىگەن پېشقەدەم يولداشلار) ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھەر بىر ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە تەشكىلات بۆلۈمىدىن ئادەم قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىشتىن بۇرۇن مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش كېرەك. گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى ئەڭ ياخشىسى ئۆلكە بويىچە بىر تۇتاش تەربىيىلەش كېرەك. ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋىلايەت (شەھەر) لىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلىدۇ.

**ئالتىنچى، رەھبەر مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچىنى تەكتلەش“ تەربىيىسى ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ناھىيە(شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچىنى تەكتلەش“ تەربىيىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ”ئۈچىنى تەكتلەش“ تەربىيىسى ئالاقە كېڭىشى ۋە ئىشخانىسىغا ماكرو يېتەكچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى تاپشۇرغان.

دىن سىرت، يەنە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھەر بىر دائىمىي ئەزاسىنىڭ بىر ناھىيە (شەھەر) بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى ھەم شۇ ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ سەپەرۋەر قىلىشىنى قارار قىلدى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك پارتكوم ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىگە ئومۇمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ سانى ئازراق بولغانلىرىدىن باشقا، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلىشى پىرىنسىپ جەھەتتە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. ھەر بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ يىغىپ تەربىيىلەش ۋاقتى پىرىنسىپ جەھەتتە ئىككى ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. ۋاقىتنى سۈپەتكە بويسۇندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلىشى ئومۇمەن بۇ يىل 7-، 8-ئايلاردا ئاياغلىشىدۇ. ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى: ناھنيە (شەھەر) لىك پارتكوم، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى، ناھىيە (شەھەر) لىك ھۆكۈمەت، ناھىيە (شەھەر) لىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەزالىرى. ناھىيە (شەھەر) لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىمۇ يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ھەرقايسى جايلار يەنە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، دائىرىنى ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىگىچە كېڭەيتىشكە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى باشلىنىشتىن بۇرۇن ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم شۇجىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ مەركەزنىڭ روھىنى ئىگىلەپ، ”ئۈچنى تەكىتلەش“نى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگەللەش، سىياسەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ياخشى ئىگىلەش، ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىش-تەكشۈرۈشكە مەخسۇس كۈچ ئەۋەتىپ مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلىك پارتكوملار ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ ياخشى تۇتۇشى، ئىدىيىۋى رەھبەرلىكنى ۋە خىزمەت يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خىزمەت لايىھىسىنى، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنى تەھلىل قىلىش ماتېرىيالىنى، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ۋە تۈزەش-ياخشىلاش لايىھىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئەزالىرى يەنە ئىش تەقسىماتى بويىچە ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا قاتنىشىشى، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم شۇجىلىرى بىرىنچى

مەسئۇل كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىشى، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، ماسلاشتۇرۇشنى ياخشى قىلىشى، "ئۈچىنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتى بىلەن "ئۈچىنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەڭ ئاممىنىڭ "ئۈچىنى تەكىتلەش" تەربىيىسىدە ئۇرغۇپ چىققان سىياسىي قىزغىنلىقىنى ھەر تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ھالدا ئورۇنداشقا يۈزلەندۈرۈشى ۋە يېتەكلىشى كېرەك.

مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بولغان پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى مەركەز ۋە يەرلىك پارتكوملار-نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن "ئۈچىنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، قاراتمىلىقى بولغان ئىدىيىۋى ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەپ، ئۇلارنى گۇمان، ئەندىشىلەردىن ۋاقتىدا خالاس قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكە، مىنىستىر ۋە ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ "ئۈچىنى تەكىتلەش" ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يىغىپ تەربىيىلىشىنىڭ مۇھىم نەتىجىلىرى ۋە تۈزەش-ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەشۋىقاتنى داۋاملىق كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ تىپىك مىساللار ۋە مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە روھلاندۇرۇشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار : دولقۇن قادىر**
**قاھار پولات**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

ۋاڭ چۇنجېڭ

2000-يىلى--ئەسىر ئالمىشىدىغان يىل، شۇنداقلا 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر يىل. مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ تەلپى بويىچە، بۇ يىلقى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ياخشى يۈزلىنىش بويىچە داۋام قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭى ئەسىردىكى تەرەققىياتتا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى بېسىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يىلقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتقىمۇ ئىگىمىز، نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كەلمەكتىمىز، ۋەزىپە ھېلىھەم ناھايىتى مۇشكۈل. نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ھاياتتىكى بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە تونۇپ، مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىگەن سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

## 1. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇھىتىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى. ئىچكى بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە تارىخىي بۇرۇلۇش بارلىققا كېلىپ، سېتىۋالغۇچىلار بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، بازاردىكى تەلەپنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۈنسايىن كۈچەيمەكتە. ئاسىيا پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسىنىڭ پارتلىشى ئېلىمىزنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتىغا ۋە تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈنۈملۈك تەلەپ يېتەرلىك بولماسلىقتەك زىددىيەتنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈۋەتتى. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىدىن ساقلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يارىشا ئىش تۇتۇپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش ۋە ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت زور تەدبىرنى كەسكىن تۈردە ئوتتۇرىغا قويدى. 1998-يىلى 100 مىليارد يۈەنلىك ئۆزاق مۇددەتلىك

قۇرۇلۇش زايومى كۆپەيتىپ تارقىتىلىپ، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، بۇ ھال ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينىدى، شۇ يىلى ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى 7.8 پىرسەنتكە يەتتى. 1999-يىلى ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، مەركەز ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، يىلنىڭ بېشىدا تارقىتىلغان زايوم ئاساسىدا، يەنە 60 مىليارد يۈەنلىك ئۇزاق مۇددەتلىك زايوم كۆپەيتىپ تارقىتىلىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىتنى ئاسراشنى ۋە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش ئىشلىرىغا مەدەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىستېمال تەلىپىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن ئاكتىپ تەدبىرلەر قوللىنىلدى، جۈملىدىن دارامەت تەقسىمات قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى قاتارلىق ئۈچ خىل ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سەۋىيىسى ۋە دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ تەمىناتى ئۆستۈرۈلدى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ تارقىتىلماي سۆرىلىپ كەلگەن ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى تولۇقلاپ تارقىتىلدى، ئىدارە ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى كۆپەيتىلدى، دېھقانلارنىڭ ئوشۇق ئاشلىقنى قوغداش باھاسى بويىچە چەك قويماي سېتىۋېلىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىندى. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، پۇل سىياسىتىنىڭ رولى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇلۇپ، مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلىسى، باھا قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭ ھەر تەرەپلىمە تەتبىقلىنىپ، سېلىنما، ئىستېمال ۋە ئېكسپورت تەلىپى ئۈنۈملۈك قوزغىتىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، چوڭ داۋالغۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىلدى. دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلىنىشىچە، 1999-يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.1% ئاشتى، بۇ سۈرئەت ئالدىنقى يىلدىكى ئېشىش سۈرئىتىدىن سەل ئاستا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ئىلگىرىلەش بولدى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش سۈپىتى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى، بولۇپمۇ كېيىنكى يېرىم يىلدا نۇرغۇن جەھەتتە ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، تاشقى سودىدا ئىمپورت-ئېكسپورت يەنىمۇ كېڭەيدى، ئىچكى بازاردا تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى تېز كۆپەيدى، شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ دارامىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، دېمەك، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ يىل بېشىدا بەلگىلەنگەن نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى.

ئۆتكەن ئىككى يىللىق ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، زايوم مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى مۇۋاپىق بەلگىلىنىپ، ھازىرقى ئىچكى تەلەپنى قوزغىتىشقا ۋە يىراق كەلگۈسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن بولغاچقا، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مەبلەغ سېلىنمىسىنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا قالماي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە

تاقىلىدىغان بەزى چوڭ ئىشلارنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەسىلەن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئۇدا ئىككى يىل زايوم مەبلىغىدىن جەمئىي 46 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭغا مەركەزنىڭ خام چوت ئىچىدىن سالغان مەبلىغى بىلەن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى فوندىنى قوشقاندا 60 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، سېلىنمىنىڭ كۆپلۈكى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان. ھازىرغا قەدەر، چوڭ دەريالارنىڭ غول ئېقىن ۋە تارماق ئېقىنلىرىدىكى 6200 كىلومېتىردىن ئارتۇق لىنىيىدىكى توغانلار مۇستەھكەملەندى، 1070 كىلومېتىردىن ئارتۇق خەتەرلىك قۇرۇلۇشلار ۋە ئېقىنلار ئوڭشالدى، نۇقتىلىق سۇ ئامبىرى دەپ قارالغان 30 نەچچە چوڭ تىپتىكى خەتەرلىك سۇ ئامبىرى مۇستەھكەملەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپەتتىن ساقلىنىش- ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان رايونلار-دىكى ئاممىغا ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ۋە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش-خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى تېجەپ قېلىش جەھەتلەردە بىۋاستە مەنپەئەت يەتتى. يېزىلارنىڭ ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش ئىشى تېزلىتىلدى، ھەممە مۇشۇ ئاساستا يېزىلارغا يەتكۈزۈلىدىغان توكنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، شەھەر-يېزىلاردىكى بىر توردا يەتكۈزۈلىدىغان توكنىڭ باھاسىنى ئوخشاش قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا توكنىڭ باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلدى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىتىلدى. قاتناش، خەۋەر-ئالاقە ۋە شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلىپ، پولات-تۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتىر سايمانلىرى ۋە ئېنېرگىيە سانائىتى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. سىغىمچانلىقى 50 مىليارد جىڭلىق دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق ئىسكىلاتى يېتىشمەسلىك زىددىيىتى پەسەيتىلدى. كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئىشىغا زايوم مەبلىغى بىلەن دىسكونت قىلىش ئارقىلىق مەدەت بېرىلىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشى تېزلىتىلدى، كارخانىلارنىڭ پۈتكۈل يارىتىش ئىقتىدارى ۋە بازاردىكى رىقابەت كۈچى كۈچەيتىلدى. مانا بۇلار ئېلىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتتە پۇختا ئاساس سالدى.

ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت سېلىنمىسىنى بىۋاستە كۆپەيتىش ئارقىلىق، پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسى مۈلكىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت پۇلىنى قۇرۇلۇش مەبلىغىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ شارائىت يارىتىلدى. 1998-يىلى كۆپەيتىپ تارقىتىلغان 100 مىليارد يۈەنلىك ئۇزاق مۇددەتلىك زايوم بانكىلارنىڭ 100 مىليارد يۈەن قەرز تارقىتىشىغا مۇناسىپ ھالدا تۈرتكە بولدى. كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە قارىتا ئاساسەن دېگۈدەك دىسكونت قىلىش يولى بىلەن قەرز بېرىلىدىغان بولغاچقا، 1999-يىلى كۆپەيتىپ تارقىتىلغان 60 مىليارد يۈەنلىك زايوم بانكىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ قەرز تارقىتىشىغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆرۈلگەن كوللېكتىپ ۋە

شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى سۈسلىشىپ قىلىش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. 1998-يىلى، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ سالغان مەبلىغى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 8.9% ۋە 9.2% كۆپىيىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3.4% ۋە 2.4% ئاشتى. ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈنۈملۈك تەلەپ يېتەرسىز بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى تەرەققىيات يولى بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك

ئۆتكەن ئىككى يىلدا ئىچكى تەلەپنى قوزغىتىش جەھەتتە قوللىنىلغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىدە تەرەققىياتنى تېزلىتىش كۆزدە تۇتۇلدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان "تەرەققىيات— چىڭ قائىدە" دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي كۈچىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي ھەل قىلالايمىز. ئىككى توپ بۇرۇلۇشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، ئەنئەنىۋى تۈزۈلمە شارائىتىدىكى كارخانىلاردا ئوشۇق خادىملار بەك كۆپ بولۇپ كېتىش، ئىشتىن ئادەم كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسى پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىپ چىقتى، يوشۇرۇن ئىشسىزلىقمۇ ئاشكارا ئىشسىزلىققا ئايلاندى، بۇنىڭغا ئىچكى-تاشقى بازار مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشسىزلار كۆپىيىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى ھەددىدىن زىيادە تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولسا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىرقەدەر تېز يۈكسىلىشىنى داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يەڭگىللىتىشكە ئىمكانىيەت يارىتقىلى بولىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا دېھقانلار دارامىتىنىڭ كۆپەيتىشى ئاستا بولۇپ قېلىپ، شەھەر- يېزىلاردىكى ئىستېمال بازىرىنىڭ ئېچىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ھالبۇكى، دېھقانلارنىڭ دارامەت سەۋىيىسى يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي ئۆسۈپ بارىدۇ. دارامەت تەقسىماتى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشىنىمۇ ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان ئاساستىلا بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشىنى ياخشىلاپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈچ يىللىق ئىسلاھات ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئىقتىساد بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلغان ماكرو مۇھىت بولۇشى كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 20 يىل مابەينىدە، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىمىز ۋە خەلقئارادىكى رىقابەت

كۆچىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك ئېشىشىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل تۈردە تېز تەرەققى قىلىشى داۋامىدا ئەمەلگە ئاشتى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىي سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتە يەنە خېلى زور ئىمكانىيەت بار. ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش تەرەققىياتى تېزلىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، دۆلىتىمىزنى 21-ئەسىردە تېخىمۇ كەسكىنلىشىدىغان خەلقئارا بازار رىقابىتىدە پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلىمىز ھەمدە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

تەرەققىيات—چىڭ قائىدە دېگەن ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇۋاپىق يۈكسىلىش سۈرئىتىنى داۋام قىلدۇرۇشنى مۇقەررەر تەلەپ قىلىدۇ. بۇ سۈرئەت بەك تۆۋەن بولۇپ قالسا بولمايدۇ، بۇ سۈرئەت ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرنەچچە يىلدا يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەمدە كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سۈرئەت بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتە تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پۇلنىڭ ئېغىر ھالدا پاخاللىشىپ كېتىشىنى پەيدا قىلىدۇ. تەلەپنى قوزغىتىش جەھەتتە 1999-يىلى قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلەر تەرەققىياتتا چىڭ تۇرغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ مەسىلىگە ھەرقانداق ئەھۋالدا سەل قاراشقا بولمايدۇ. دەرۋەقە، ئىقتىسادنىڭ تېز تۈكسىلىشىنى داۋام قىلدۇرۇشتا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە ئېچكى بازارلاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۈنۈملۈك تەلەپ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ھال بىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى داۋام قىلدۇرۇشىمىزغا قارىتا يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى، بىزنى بۇ جەھەتتە يېڭى سىناقلارغا يۈزلەندۈردى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەلەپ سۈرئەت دېمەكتۇر، ئۈنۈم دېمەكتۇر، مۇقىملىق دېمەكتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا، تۈرلۈك ئامال بىلەن مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، ئىستېمالنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئېكسپورتنى كۆپەيتىش، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىي تەلەپنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىنى داۋام قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ كۆزلەنگەن نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى تەرەققىيات داۋامىدا تېخىمۇ ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك.

## 3. قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ يولى

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئىجتىمائىي تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا

يېڭى ئۆزگىرىش بولدى، 1997-يىلى 10-ئايدىن تارتىپ تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى چۈشۈشكە باشلاپ، 1999-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 27 ئاي داۋاملاشتى، دېمەك پۇل ئوبوروت مىقدارى ئازىيىپ كېتىش يۈزلىنىشى بىرقەدەر روشەنلەشتى. ھادىسىلەردىن قارىغاندا، بۇنداق ۋەزىيەت تەلەپنىڭ يېتىشمەسلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، بىراق چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلغاندا شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇنداق بولۇشى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈرمۇشىدا ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ھەر خىل چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك، مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، روشەن قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچى، ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە قالاق يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئىللەتلىرى تۈپەيلىدىن، مەبلەغ سېلىشتا ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش مېخانىزمى كەمچىل بولغانلىقى، ئۇزاقتىن بۇيان تۆۋەن سەۋىيىدە تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارخانىلاردا يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمى كەمچىل بولغانلىقى، تېخنىكا سەۋىيىسى قالاق بولغانلىقى، كەسىپلەرنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئاستا بولغانلىقى سەۋەبىدىن، تەمىنلەش قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى تەلەپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قالغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن قارىغۇلارچە جايلاشتۇرۇش، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئەھۋاللىرى خېلى كۆپ مەھسۇلاتلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ بەزى جايلار شۇ جاينىڭ مالىيە كىرىمىنى تېزدىن كۆپەيتىشتەك ياخشى ئارزۇنى چىقىش قىلىپ، بازار ئەھۋالىنى تولۇق نەزەرگە ئالمىدى، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، يېتىشسىز تەرەپلەردىن قېچىپ، پايدىلىق تەرەپلەرنى ئۆلغايتىش يولىنى تۇتماي، ئاساسىي كۈچنى ئاتالمىش "باھاسى يۇقىرى، پايدىسى كۆپ" مەھسۇلاتقا قاراتتى. تەكرار قۇرۇلۇش سانائەت ساھەسىنىڭ ھەممىسنى دېگۈدەك قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، ئادەتتىكى مەھسۇلاتلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى بەك تۆۋەن بولدى، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى بولغان زور ئۈسكۈنىلەر ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى يېتەرسىز بولدى. تۆۋەن سەۋىيىدىكى تەكرار قۇرۇلۇشلار يەنە كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشىنى، كۆلەملىك ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى، تەننەرخىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى، تېخنىكا قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئىچكى-تاشقى بازاردىكى كەسكىن رىقابەتكە لايىقلىشالمىغاچقا، ئادەتتىكى مەھسۇلاتلاردا تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىدىغان، ھەتتا تۆۋەن باھادا ساتىدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر. ئىككىنچى، شەھەر-يېزا قۇرۇلمىسى، رايون قۇرۇلمىسىنىڭ ئانچە مۇۋاپىق بولماسلىقىمۇ تەلەپنى كېڭەيتىشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىل. ئەنئەنىۋى تۈزۈلمە ئاستىدىكى شەھەر-يېزا مۇناسىۋىتى ئېلىمىزنىڭ شەھەرلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ھەم ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. نۆۋەتتە يېزا ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئاز كەم 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، يېزىلاردا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى بولسا پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 40 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ، بۇنداق ئەھۋال يېزا بازارلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىغا

جايلاشقان رايونلار بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاھالىلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشمۇ ئومۇمىي تەلەپنىڭ كېڭىيىشىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. ئۈچىنچى، دۇنيا مىقياسىدا قۇرۇلمىنى تەڭشەش قەدىمىنىڭ تېزلەشكەنلىكى دۇنيا بويىچە ئىپتىدائىي مەھسۇلات ۋە ئادەتتىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ، خەلقئارا بازاردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادى ئىنتايىن زىچ بىرلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا، مۇقەررەر ھالدا ئىچكى بازاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىدۇ، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، تەلەپنى كېڭەيتىشتە مەبلەغ سېلىشنى كۆپەيتىش، ئىستېمال قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئېكسپورت قىلىشنى كېڭەيتىش بىلەنلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق-تەك زىددىيەتنى پەيدىنپەي ھەل قىلىپ، كەسىپ ۋە مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، مېخانىزم جەھەتتىن تەلەپ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، پۇل ئوبوروت مىقدارى ئازىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى توسقىلى بولىدۇ.

قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش بۇ يىلقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي خىزمەتتە كۈچەپ تۇتۇش قىلىدىغان مەسىلە، ئۆتكەنكىلەر بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، نۆۋەتتىكى قۇرۇلما تەڭشەش ۋاقىتلىق، قىسمەن دائىرىلىك تەڭشەش بولماستىن، بەلكى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشتۇر. بۇنىڭدا ھەم قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قىسقارتىش، ھەم بازاردا كەمچىل، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى ۋە خەلقئارادا رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئالغا سىلجىتى-دىغانىنى ئالغا سىلجىتىش، چېكىندۈرىدىغانىنى چېكىندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ ھەم كەسىپ قۇرۇلمى-سى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ھەم رايونلار ۋە شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئومۇمىي خاراكتېرلىك تەڭشەشنى يولغا قويۇش لازىم؛ نۆۋەتتە بازاردىكى تەلەپ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تېخىمۇ مۇھىمى يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتنى ھازىرلاش لازىم.

نۆۋەتتە قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش دېگەن تەلەپ بويىچە، دېھقانلارنى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ تۇرۇشقا يېتەكلەش، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئاشلىقنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئىشلەپچىقىرىلىش ئىقتىدارىنى قوغداش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش، كونا سانائەت بازىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، قالاق ئۈسكۈنىلەر ۋە ھۈنەر-سەنئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قىسقارتىش؛ يېڭى تىپتىكى كەسىپ ۋە يۇقىرى تېخنىكا كەسىپلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈش؛ خەلق ئىگىلىكى-نىڭ جان تومۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم كەسىپ ۋە ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە بىر تۈركۈم

ئەمەلىي كۈچى يوقىرى، رىقابەتلىشىش كۈچى كۈچلۈك بولغان چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى يېتىشتۈرۈش، دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى يەنىمۇ قويۇۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇش؛ كۈچلۈك سىياسەت ۋە يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇچۇرچىلىق، مەدەنىيەت، مائارىپ، ساياھەتچىلىك، مەھەللە مۇلازىمەتچى-لىكى ۋە ۋاستىچىلىك مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ بازار مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ مەبلەغ سېلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدە ئاساسلىقى بازار مېخانىزمى ئارقىلىق كىچىك شەھەر-بازار قۇرىدىغان يولنى تېپىپ چىقىش؛ كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشەيدىغان تۈرلۈك سىياسەت-تەدبىر-لەرنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بولۇپمۇ كىرىمى ئوتتۇرا ھال، تۆۋەن كىشىلەر-نىڭ ئەمەلىي كىرىمىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالىنى تىرىشىپ كېڭەيتىش.

## 4. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇش—بۇ يىل ئىقتىسادنىڭ بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىم شەرت

نۆۋەتتە ئىچكى ئۈنۈملۈك تەلەپ يېتىشمەسلىكتەك زىددىيەت يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كېڭەيتىش ۋە ئىستېمالنى ئاشۇرۇش ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاستە، بولۇپمۇ ئېلىمىز ئىقتىسادىي ئەندىزە ئۆزگىرىۋاتقان ۋە قۇرۇلما تەڭشىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق دەۋردە تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ۋە تېخنىكا ئۆزگەر-تىشنى قوللاشقا كۆپ مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق نۆۋەتتە كارخانىلار مەبلەغ جەھەتتە قىيىنلىشىۋاتقان، مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولمىغان، بانكىلار قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار تۈرلەرنى تاپالمايۋاتقان ئەھۋاللار يەنىلا مەۋجۇت، شۇڭا ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇش زايومىنى داۋاملىق تارقىتىپ، ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇش لازىم. مەركەز مالىيىسى سودا بانكىلىرىغا ئۇزاق مۇددەتلىك زايوم تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر قىسىم ئاھالىلەر قويغان ئامانەت پۇلنى قۇرۇلۇش مەبلىغىگە ئايلاندۇرغاندا، تارقاتقان پۇل ئارتمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۆۋەتتە مال بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولغاچقا، پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئادەتتە ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ئۇزاق مۇددەتلىك ماكرو سىياسەت سۈپىتىدە قوللىنىلمايدۇ، بىراق تەلەپ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدىلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان مەسىلە بولمىغاچقا، سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش، ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر خىل ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئويلاپ ۋە دەڭسەپ كۆرۈپ،

www.uyghurkitap.com

سىياسەتنىڭ سالمىقىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش لازىم. 1998-يىلى ئېلىمىزنىڭ شۇ يىللىق مالىيىسىدىكى قىزىل رەقەم ۋە زايومنىڭ قالدۇق سوممىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2.2% ۋە 9.9% بولغان، 1999-يىللىق نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، خەلقئارادا ئېقىۋاتقان بىخەتەرلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمىدى. تۈرلەرنى توغرا تاللاپ، مەبلەغنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىپ، زايوم سېلىنمىسى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان، قۇرۇلمىنى ئۈزلۈكسىز سەرخىللاشتۇرالايدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىيالايدىغان بولساقلا، مالىيىنىڭ بۇ قەرزنى پەيدىنپەي قايتۇرۇپ بېرىشكە ئىقتىدارى يېتىدۇ.

ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا، پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل پۇل سىياسىتى قورالىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مالىيە سىياسىتى بىلەن پۇل سىياسىتىنى بىر-بىرىگە زىچ ماسلىشىدىغان قىلىش لازىم. بولۇپمۇ زايوم بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ قوللاش لازىم. بانكىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى قوللايدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازىرى بار، ئۈنۈمى ياخشى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت مەبلىغىگە بولغان ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىناۋەتلىك قەرز سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىناۋىتىگە كېپىل بولۇش سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا-كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىن باشقا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىنى قوللاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. تۇرالغۇ جاي، مائارىپ ۋە چوڭ-چوڭ تاۋارلارنىڭ ئىستېمال كرېدىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تارقىتىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، تارقىتىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش لازىم. بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاكسىيە بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۇغۇرتا كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇل مۇئامىلە خېيىم-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. پۇل مۇئامىلىسىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، سودا بانكىسىنىڭ ئىچكى تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامۇۋاپىق قەرز پۇل بېرىشنىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلىش لازىم. ئىقتىساد ساغلام تەرەققىي قىلغاندىلا، نامۇۋاپىق قەرز پۇل بېرىشنىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تۈپ نېگىزدىن توسقىلى بولىدۇ، ئىلگىرى شەكىللىنىپ قالغان نامۇۋاپىق قەرز پۇلنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، پۇل مۇئامىلە خېيىم-خەتىرىنى ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

## 5. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كېڭەيتىش لازىم

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگەللەپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ چىقارغان زور تەدبىر، ئۇ ھەم ئېلىمىزنىڭ 21-ئەسىردىكى تەرەققىياتىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى نەزەردە تۇتقان، ھەم نۆۋەتتىكى ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇپ، چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىن-پەي كىچىكلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچتىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى زور ئورۇنلاشتۇرما. 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى، خەلق تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە يېقىنلاشتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى، تاۋار بىلەن تەمىنلەش بىرقەدەر مول، دېمەك، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا ئىقتىدارى يېتىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، قاتناش، خەۋەر-ئالاقە ۋە سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاساسىي شارائىت يارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى-تاشقى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، غەربىي رايونلارنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم غەربىي رايونلار ئۈچۈن يېڭى ئىجتىمائىي تەلەپ ياراتقىلى، ھەم شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويىدىكى رايونلارنى تېخىمۇ كەڭ بازار ۋە تېخىمۇ زور تەرەققىيات زېمىنى بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىچكى تەلەپنى كېڭەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيىتى بار.

بىز قەتئىي تەۋرەنمەستىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4- ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى

سورۇش ئۇچۇن بەلگىلىگەن بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىچكى تەلەپنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

(ئاپتور: دۆلەت تەرەققىيات پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئەقلىي تەپەككۇر

**سۈي يىفەن**

90-يىللاردىن بېرى، ”ئورتاق قۇرۇش، بىرلەشتۈرۈش، تەڭشەش، قوشۇۋېتىش“نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ، تالاش-تارتىش نىسبەتەن كۆپ بولغان بىر ئىسلاھات. ئۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە چېتىلىپلا قالماستىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى، مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئەنئەنىسى، مەبلەغنى قايتىدىن تەقسىملەش، كادىرلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلىدۇ. نۆۋەتتە ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشقا كېلىش، ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا قوللىنىدىغان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى باشقۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك ئىسلاھات شەكلى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا ساقلانغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ئېنىق تونۇپ يېتىش ۋە تولۇق تەييارلىقتا بولۇش، شۇ ئارقىلىق مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، بىرلىشىشنى ھەقىقىي تۈردە ”2〈1+1“ بولۇش مەقسىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك.

## 1

مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغاندا، چەكلىك ھالدا بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ تولۇق سەۋەبى بار. بۇ سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

**1. مەملىكىتىمىزدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمىنىڭ كىچىك بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق.** مەملىكىتىمىزدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى ئىزچىل كىچىك بولۇپ كەلگەنىدى، 90-يىللاردىن كېيىن بۇ ئەھۋالدا بىرقەدەر زور ئۆزگىرىش بولدى. 1990-يىلى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوتتۇرىچە ئوقۇغۇچى سانى 1919 كىشى بولۇپ، 1995-يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 2759 كىشىگە يەتتى. ئەمما بۇ سان نىسبەتەن مۇۋاپىق بولغان 4000 كىشى بولۇش ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كىچىك. كۆلەم كىچىك بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى شۇكى، ئادەم، مالىيە، ماددىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولمايدۇ، ئۈنىۋېرسىتېت ئاپپاراتىنىڭ يۈرۈشۈش تەننەرخى نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېرىشەلەيدىغان مائارىپ مەبلىغى ناھايىتى چەكلىك، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش ئىقتىدارى ھەم تۆۋەن بولغانلىقتىن، كۆلەمنىڭ كىچىك بولۇشىدىن كېلىپ چىققان ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى ناھايىتى گەۋدىلىك بولماقتا. مەكتەپلەرنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئادەم، مالىيە، ماددىي بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ باشقۇرۇش تەننەرخىنى چۈشۈرگىلى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلەم ئۈنۈمىنىڭ ئۈزلۈك مۇددەت تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

**2. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.** بۆلەكلەر بويىچە ئايرىش، مەكتەپلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ قۇرۇش، تەكرار قۇرۇش— ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىن ئالىي مەكتەپ مائارىپى سىستېمىسىغا قالغان چوڭ بىر نۇقسان. بۇ ھال چەكلىك ئالىي مەكتەپ مائارىپى مەبلىغىنىڭ بەك چېچىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنداق ئەھۋالدا مائارىپ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايلا قالماي، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پەقەت بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا بۆلەكلەر بويىچە ئايرىش، ئۆز ئالدىغا سىستېما شەكىللەندۈرۈش، تارقاق مەكتەپ قۇرۇش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالىي مەكتەپ سىستېمىسىدا ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى بايلىقلارنىڭ مۇۋاپىق تۈردە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، رايون خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش كۈچىنى تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سالمىغان ئەھۋال ئاستىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

**3. مەملىكىتىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدىكى پەنلەر بىر خىل بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق.** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدە بىر خىل پەنلىك ئالىي مەكتەپلەر خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بىر خىل پەنلىك ئالىي مەكتەپلەر تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭدىكى مۇنداق ئەزەلىي يېتەرسىزلىك مەسىلىسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇ دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئۈنۈۋېرساللىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. يۇقىرى پەن-تېخنىكا دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئارقىسىدا، پەن-تېخنىكىدىكى نۇرغۇن بۆسۈشلەر پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ ھەمكارلىششى، بىر-بىرىنى تولۇقلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ كەلمەكتە، كۆپلىگەن پەنلەرنىڭ ئۆزئارا باغلانغانلىقى، سىڭىشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن-تېخنىكا بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا. بىر خىل پەنلىك ئالىي مەكتەپلەردە پەنلەرنىڭ بىرلىشىش ئىقتىدارى كەمچىل بولغانلىقتىن، بۆسۈش خاراكتېرلىك پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى تەس. ئىككىنچىدىن، بىر خىل پەنلىك ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدار قۇرۇلمىسى يېتەرسىز، ئۈنۈۋېرسال ئىقتىدارى ۋە ئىجادكارلىقى نىسبەتەن ئاجىز بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان پەنلەر ئوقۇتۇلىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈۋېرسىتېتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق، بىر خىل پەنلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى چەكلىملىكىنى بۇزۇپ تاشلاشقا پايدىلىق.

**4. مەملىكىتىمىزدە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۈنۈۋېرسىتېت يوق بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئۈمىد بېغىشلايدۇ.** يولداش جياڭ زېمىن بېيجىڭ ئۈنۈۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ

يۈز يىللىقنى تەبرىكلەش يىغىنىدا پۈتۈن دۇنياغا: ”زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدە دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىرقانچە ئۇنىۋېرسىتېت بولۇشى كېرەك“ دەپ جاكارلىدى. ھازىر بار بولغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئالىي مەكتەپ مائارىپىدا چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئالىي مەكتەپ مائارىپىدا كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانمايدۇ. بىلىم ئىقتىسادى دەۋرىدە بىر دۆلەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار بولۇش-بولماسلىقى شۇ دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز مەملىكىتىمىزدە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كەملىكىدەك ئەمەلىيەتنى كۆرمەسكە سېلىپ، بۇ جەھەتتە يەنىلا بىرەر ئىش قىلمايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن باراۋەر ئاساستا سۆھبەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايلا قالماي، بەلكى شۇ سەۋەبتىن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، خەلقئارا رىقابەتلەرگە قاتنىشىش سالاھىيىتىمىزدىنمۇ مەھرۇم قېلىشىمىز مۇمكىن. دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇش، تارىخىي يىغىلىشلارنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ چوقۇم كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، مول مەكتەپ باشقۇرۇش ئاساسى، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، كەڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان خالقئارا ئىناۋىتى بولۇشى كېرەك. خەلقئارا رىقابەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، بىز ھازىرقى ئۇنىۋېرسىتېت ئاساسىمىزدىن پايدىلىنىپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرستېت قۇرۇپ چىقالايمىزمۇ-يوق دېگەن مەسىلە ئالىي مەكتەپ مائارىپى ساھەسىدە ھەممەيلەن ئويلىنىۋاتقان مەسىلە. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كۈچلۈكلەر بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت يېڭىچە بىر پىكىر بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ مائارىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، جېجياڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، جېجياڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت تۆت مەكتەپ قوشۇلۇپ بىر بولۇشتەك كاتتا ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقتى. بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، ئىقتىساد، باشقۇرۇش، مائارىپ، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك، قانۇن، مېدىتسىنا قاتارلىق 11 خىل پەن تۈرى بار بولۇپ، بۇ مەكتەپ پەن تۈرىنىڭ تولۇقلۇقى جەھەتتە جۇڭگودىلا ئەمەس، دۇنيادىمۇ ساناقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گەرچە ئۇنىۋېرساللىق، تەتقىقاتچىلىق ۋە ئېچىۋېتىش ئالاھىدىلىكىگە شۇنىڭدەك كۈچلۈك ئاساس ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار قاتارىغا كىرىشنىڭ دەسلەپكى شەرتىدىنلا ئىبارەت. بۇ دەسلەپكى شەرتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، بايلىقنى قايتىدىن تەشكىللەش، پەنلەرنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش، ئۇستۇنلۇكلەر ئارقىلىق بىر-بىرىنى تولۇقلاش جەھەتتىكى رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىق يېڭى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار قاتارىغا كىرىش-كىرەلمەسلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ.

2

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ھۆكۈمەت تۈرتكە بولىدىغان، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، جايلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئالىي مەكتەپلەردىكى پەنلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ھەمدە ”مەركەز بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ قۇرۇش“، ”ئالىي مەكتەپلەر بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش“ قاتارلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئورتاق شەكىللەندۈرۈلدى. خېلى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر، ئالايلۇق، ياڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنچاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بىرلىشىش ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتتى. بەزى جايلاردا ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈلۈش يولى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسى ئىلمىيلەشتۈرۈلدى، مۇۋاپىق تەڭشەلدى، ئالىي مەكتەپ مائارىپى سىستېمىسىدىكى ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ”1+1>2“لىك ئۈنۈمى ئاساسىي جەھەتتىن كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزۈلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇخىل تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىسلاھاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلار. ئەمما، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇنىۋېرسىتېت نىشانى بىرلا خىل، قۇرۇلمىسى ئاددىي تەشكىلات ئەمەس. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنىڭ كۆپ خىللىقى بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەلگىلىگەن، بولۇپمۇ بەلگىلىك تارىخى بار، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئۇنىۋېرسىتېتلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. شۇڭا بىرلەشتۈرۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن، بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تولۇق تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز؟

**بىرىنچى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش قىيىنچىلىقى.** مەكتەپ باشقۇرۇش بىر ئالىي مەكتەپنىڭ قىممەت قوغلىشىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەكتەپ باشقۇرۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلاش، تاللاش، تاۋلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانى، ئەندىزىسى، ئالاھىدىلىكىگە قارىتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسلىقلىقى ئوخشاش بولمىغان ئۇنىۋېرسىتېتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بىرلىشىشنىڭ قىيىنلىقىنى بەلگىلىگەن. ھەرقانداق بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخ جەريانىدا توپلاپ شەكىللەندۈرگەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن تەس. شۇڭا، بىرلەشكەندىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى ئۇنىۋېرسىتېت يېڭىدىن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسى تىكلەپ، ئۇنى پۈتۈن مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان قىلىش ئۈچۈن بەلكىم خېلى ئۇزاق ماسلىشىش جەريانى كېتىشى مۇمكىن.

**ئىككىنچى، كادىرلارنى بىرلەشتۈرۈش قىيىنچىلىقى.** ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىكى نىشاننىڭ بىرى ئادەم، مالىيە، ماددىي نەرسە-كېرەكلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرلىشىشكە قاتناشقان ھەرقايسى مەكتەپ ئەزالىرىنىڭ پايدا-مەنپەئەتىنى تەڭشەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ.

رەھبەرلىك قاتلىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ، ھوقۇقنىڭ قايتا تەقسىم قىلىنىش مەسىلىسى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خادىملارغا قايتا ئىش تەقسىم قىلىش شۇنىڭدەك خىزمەت شارائىتى، ماددىي تەمىناتنى قايتا تەڭشەش مەسىلىسىدۇر. ئوخشاش بولمىغان مەكتەپ ئەزالىرىنىڭ ئەسلىدىكى قىممەت قارىشى ۋە كۆنۈپ قالغان خىزمەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى مەكتەپنىڭ كادىرلار ئىشلىرىدا توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، لېكىن، پايدا-مەنپەئەتنى تەڭشەشتىن كېلىپ چىققان كادىرلار ئىشلىرىدىكى جىددىيلىك تېخىمۇ زور بولىدۇ. مەنپەئەت مەسىلىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، بىرمۇنچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلىشىشى كۆپ ھاللاردا ئۆزى خالاپ ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ كادىر يۆتكەش قاتارلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق تۈرلۈك قارشىلىقلارنى تۈگىتىپ بىۋاستە ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشىدۇ. نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كادىرلار ئىشلىرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە جىددىيلىك دەرىجىسى كىشىنى مەمنۇن قىلمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان خىزمەتتىكى نورمالسىزلىق شۇنىڭدەك باشقۇرۇش جەھەتتىكى سۈركىلىش ۋە ئىچكى خوراشمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بىرلەشكەندىن كېيىنكى يېڭى مەكتەپنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ بولۇپ قالغان.

**ئۈچىنچى، باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش قىيىنچىلىقى** سىستېما نەزەرىيىسى، قۇرۇلما ئۈنۈمنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز، ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ”2〈1+1“ بولۇشتەك كۆزلەنگەن ئۈنۈم نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىق مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ”1=1+1“ بولۇشتەك كۆزلەنگەن تەشكىلىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىققا باغلىق، يەنى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇنىۋېرسىتېتنى قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن تەشكىللەش، تۈزۈلمىسىنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش ئارقىلىق مۇستەقىل تەشكىلىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسمى جىسمىغا لايىق يېڭى ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇش چىقىش-چىقالماسلىققا باغلىق، دەيمىز. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن تەشكىلىي قۇرۇلما جەھەتتە ”1 = 1 + 1“ بولۇشتەك كۆزلەنگەن تەشكىلىي نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى كۆپ قىسىم يېڭى مەكتەپلەر ماكان جەھەتتىن ئالغاندا مەكتەپلەر ئارىسىدىكى ئارىلىق ناھايىتى يىراق بولغان ئۇنىۋېرسىتېتلار تىپىغا ئايلاندى. قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئارقىلىق تارقاق ئورۇنلاشقان بۇ مەكتەپلەرنى قوشۇپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، شەكسىزكى، ناھايىتى قىيىن بىر مەسىلە. تارقاق باشقۇرۇش كونا تۈزۈمنى ساقلاپ قالغاندا، گەرچە باشقۇرۇش ئاددىي بولۇپ، ھەر خىل زىددىيەتلەردىن ساقلانغىلى بولسىمۇ، ئەمما، بۇ بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە خىلاپ. ئەگەر تارقاق باشقۇرۇش مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلسە، باشقۇرۇش قاتلىمىنى قانداق ئايرىش، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قانداق تەسىس قىلىش، مەكتەپ فۇنكسىيىسىنى قانداق بەلگىلەش قاتارلىق زىددىيەت قوزغاش ئېھتىماللىقى بولغان بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدىغان گەپ. ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە يېڭىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن خېلى كۆپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق بىرلىشىش دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، يۈرۈشۈشى تەرتىپلىك بىر ئورگانىك گەۋدىگە ئايلىنالىغىنى يوق. قانداق قىلىپ مۇستەقىل مەكتەپ باشقۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە، ئۆزئارا ئارىلىقى يىراق بولغان مەكتەپلەرنى قوشۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئۈنۈملۈك ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش مەسىلىسى ھەقىقەتەن بىز يېڭى ۋەزىيەتتە يولۇققان يېڭى مەسىلە.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن باشقا، پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈش، مالىيىنى بىرلەشتۈرۈشمۇ ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مەسىلە ئەمەس. ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى، پەنلەرنىڭ خاراكتېرى، مەكتەپ باشقۇرۇش ئەمەلىي كۈچى، ماددىي شارائىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى پەرقلىرىمۇ مەكتەپ باشقۇرۇش ئامىللىرىنىڭ بىرلىشىشىنى قىيىنلاشتۇرماي قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىنكى بەزى يېڭى مەكتەپلەر ئۆزى بىرلەشسىمۇ روھىي بىرلەشمەسلىك ھالىتىدە قالىدۇ. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا يەنىلا چوڭقۇر قاتلاملىق تەپەككۇر يۈرگۈزمىسەك، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ۋاسىتىلەرنى قوللانمىساق، نەتىجە ئارزۇيىمىزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ.

## 3

يۇقىرىقى تەھلىللەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىدە ھەم پائال بولۇشىمىز، ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. تولۇق دەلىللەنمىگەن ''مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش قىزغىنلىقى''نىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش، مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئورتاق تونۇشقا كېلىشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى، مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى كۆلەملىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەمما ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئاددىي ھالدا كۆلەمنىڭ كېڭەيتىلىشىگىلا باغلىق ئەمەس، گەپ باشقۇرۇشنىڭ جايىدا بولۇش-بولماسلىقىدا.**

**ئىككىنچى، بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق گەرچە ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچنى ئاشۇرۇش قاتارلىق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولسىمۇ، بىراق بىرلەشتۈرۈش جەريانىدىكى بىرمۇنچە ئامىللارنىڭ بىرلىشىشى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە قىيىن بولغاچقا، بىرلىشىشنىڭ ئەمەلىي فۇنكسىيىسى كۆپ ھاللاردا كۆزلىگەن نىشان بىلەن ماس كەلمەي قالىدۇ.** ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلىشىش فۇنكسىيىسى چەكلىك بولغاچقا، ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياكى تۈپتىن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. پىشىپ يېتىلگەن بىر ئالىي مەكتەپ تارىخىي توپلىنىشنىڭ نەتىجىسى، بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى مەكتەپمۇ خېلى بىر قىيىن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك بىرىكىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىلا ئاندىن پىشقان ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلىنالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرلەشتۈرۈشتە ئېھتىياتچان بولۇش، بىرلىشىشنىڭ تەننەرخىنى ۋە بۇنىڭغا كېتىدىغان بەدەلنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە قىسقا مەزگىللىك پايدىدىن ۋاز كېچىش كېرەك.** بەزى ئالىي مەكتەپلەر بىرلىشىش جەريانىدا چوڭ ھەم تولۇق بولۇشنى قوغلىشىپ، مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىكى تۈپ مەقسەت مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان. ھازىر، ''211 قۇرۇلۇشى''نى باھالاشتا دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى، پروفېسسور سانى، ئاكادېمىك سانى، كەسىپ سانى، ئوقۇغۇچى سانى، سېلىنما سانى، مۇقىم مۈلۈك قاتارلىق ئاساسىي شەرتكە قويۇلىدىغان تەلەپ تۈپەيلىدىنمۇ بىرمۇنچە ئالىي مەكتەپلەر، بولۇپمۇ يەرلىك ئالىي مەكتەپلەر ''211 قۇرۇلۇشى''غا كىرىش

ئۇچۇن ئۆزىنىڭ شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنىڭغا قارىماي ئالدىراپ-تېنەپلا بىرلەشمەكتە. ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ پايدىسىمۇ بار، زىيىنىمۇ بار. بىرلەشتۈرۈش ياكى بىرلەشتۈرمەسلىكنى پايدا-زىياننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك. قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاساسىي شەرت جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلەشنى قوغلىشىپ، بەزى كۆلىمى زور ھەم خېلى تارىخىي ئاساسى بار ئۇنىۋېرسىتېتلار ئەستايىدىل دەلىللەشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئالدىراپلا بىرلىشىش يولىنى تاللىدى، نەتىجىدە كۆلىمى زورايغىنى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىكى بىرىكمە كۈچى ماس قەدەمدە زورايمىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئىچكى خوراش بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ھالىدىن كەتتى. ئەگەر كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا ئويلاپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوتتۇرا جۇڭگو تەبىئىي پەن-سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلەشكەن بولسا، مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى گەپ يوق دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ھېچ بولمىغاندا ئاسىيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن بولاتتى. لېكىن ئۇلار بۇنى دەپ بىرلىشىش يولىنى تاللىمىدى، چۈنكى بۇنداق بىرلىشىشكە تۆلەيدىغان بەدەل بەك يۇقىرى بولۇپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنۇمىنىڭ ياخشى بولۇشىمۇ ناتايىن. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوتتۇرا جۇڭگو تەبىئىي پەن-سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوخشاش بۇنداق تەبىئىي پەن-سانائەت پەنلىرى تۈرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز-ئۆزىدىن بېيىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇنىۋېرسال مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارنى ئومۇملاشتۇرساق، مېنىڭچە، بۇندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش يەنىلا كۆلەم كىچىك، پەن تۈرى بىرلا خىل، ئۇنۇم تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ۋاستە بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بىز چوقۇم مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە "2 ‹ 1 + 1"بولۇشتەك كۆزلەنگەن ئۇنۇم نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىش بىلەن بىللە، بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بىگى مەكتەپنىڭ "1=1+1" بولۇشتەك كۆزلەنگەن تەشكىلىي نىشانىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇندىن كېيىنكى ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى ئەھۋالغا قاراپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن چەكلىك ھالدا ئېلىپ بېرىش، ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ بىرلىشىش شارائىتىنى ئەستايىدىل دەلىللەش شەرتى ئاستىدا، بىرلىشىش جەريانىدا ۋە بىرلەشكەندىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش تەنەرخىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلىتىپ، بىرلەشتۈرۈشتە كۆرۈلىدىغان سەۋەنلىكلەرنى ئازايتىش كېرەك. بۇندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشتە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى، رايون خاراكتېرلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلەشتۈرۈشنى، ئوخشاش كەسىپلىك ھەمدە كۆلىمى كىچىكرەك بولغان ئالىي مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىش لازىم.

**(ئاپتور: جياڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر**

www.uyghurkitap.com

# چوڭ ئىستراتېگىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك

تاۋ ۋۇشيەن

## 1. ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇش كېرەك

پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ”كىچىك شەھەر-بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زور بىر ئىستراتېگىيە“. يولداش جياڭ زېمىن كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆپ قېتىم شەرھلەپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. كىچىك شەھەر-بازارلار شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەرلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، كۆلىمى كىچىك بولۇش ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، يەنى ئۇ شەھەرلەرنىڭ پەلەمپەيسىمان قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى شۇنداقلا يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەركىزى، ئۇ ئىقتىسادنىڭ بازارلىشىش، يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىش، شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىچىك شەھەر-بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ بازارلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىشىنىڭ زۆرۈر تەلىپى. نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان كۆپ مەنبەلىك بىرىكمە ئىقتىسادتىن ئىبارەت. ئىقتىسادنىڭ تاۋارلىشىش، بازارلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ تارقاق ئىشلەپچىقىرىشىنى چوڭ بازارلار بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كىچىك شەھەر-بازارلارنى ۋاستە قىلىشقا، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىنى زامانىۋى سانائەت مەدەنىيىتىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كىچىك شەھەر-بازارلارنى تۈرتكە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ مۇۋاپىق تەرەققىي قىلىشىغا ۋە يېزا-كەنتلەرنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ فۇنكسىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كىچىك شەھەر-بازارلارنى ۋاستىچى قىلىشقا، شەھەرلەردىكى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى نۇقتىلىق يۆتكەش ئۈچۈن ئۇنى كىچىك شەھەر-بازارلارغا يۆتكەشكە، شەھەرلەردە كۆپەيگەن ئاھالىنى كىچىك شەھەر-بازارلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ بېسىمنى ئازايتىشقا توغرا كېلىدۇ، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كىچىك شەھەر-بازار

قۇرۇلۇشنىڭ پۇتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلىشىمىز كېرەك.

1994-يىلدىن بۇيان، مەركەزنىڭ ۋە ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە يۇكسەك ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردۇق، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر يىلى يىغىن چاقىرىپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى خىزمىتى توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. پارتىيە 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىز كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ھەقىقىي تۈردە چوڭايتىپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئىزدەندۇق. بۇ خىزمەتتە روشەن تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردۇق. 1998-يىلى، شەھەر بويىچە كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى بويىچە 90 ئورۇندا سىناق ئېلىپ باردۇق. بازارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 880 مىليون يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 10 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1993-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 224%، 148% ئاشتى.

## 2. كىچىك شەھەر-بازار تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپىگە ئاساسەن، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىنى تۇتۇش كېرەك

كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پىلان، قۇرۇلۇش، باشقۇرۇشقا دائىر ھەرقايسى ھالقىلارغا چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بار. شەھەرلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشنى شەھەر تۈپى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بىلەن ئۇلاشتۇرۇپ، ئۇنى شەھەر سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى قىلىپ، چېگىدۇدىن ئىبارەت ئالاھىدە چوڭ مەركىزىي شەھەرنى چۆرىدەپ، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان، ئىقتىدار جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ھەمراھ شەھەردىن يەتتىنى ۋە ھەممە جايغا تارقالغان، تۈرى خىلمۇخىل بولغان كىچىك شەھەر-بازاردىن 316نى شەكىللەندۈردۇق. شەھەرگە يېقىن كىچىك شەھەر-بازارلاردا نۇقتىلىق شەھەر فۇنكسىيىسىنى ئالغان كىچىك تۇرالغۇ رايونلىرىنى ۋە كىچىك سانائەت رايونلىرىنى قۇردۇق، شەھەرگە يىراقمۇ بولمىغان، يېقىنمۇ بولمىغان شەھەر-بازارلاردا ئاساسلىقى شەھەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسىنى ۋە ئىستراھەت مەركەزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردۇق، شەھەرگە يىراق كىچىك شەھەر-بازارلاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە ماددىي ئەشيالارنى يىغىش-تارقىتىش مەركىزىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇردۇق؛ كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشنى شۇ جاينىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان، بازارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى چوڭ بولغان جايلاردا سودا تىپىدىكى كىچىك شەھەر-بازارلارنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشتۇق؛ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، تارىخىي مەدەنىيىتى قويۇق تۇس

ئالغان جايلاردا، ساياھەت تىپىدىكى كىچىك شەھەر-بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلىدۇق؛ مەركىزى شەھەرگە يېقىن، كەسپىنىڭ كۆچۈشىنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدىغان جايلاردا سانائەت تىپىدىكى كىچىك شەھەر-بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا ماڭدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچتە يېڭىلىق يارىتىشنى ھەقىقىي ئۇبدان تۇتتۇق. بىرىنچىدىن، يەر ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشتا يېڭىلىق ياراتتۇق. يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلاردىكى تىجارەت خاراكتېرىدە ئىشلىتىلگەن يەرگە قارىتا تۆلەملىك ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپ، كەم ئارتۇق سودىسى، خېرىدار چاقىرىش ياكى كېلىشىم ئارقىلىق ئۆتۈنۈش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. بەش يىلدىن بۇيان نۆۋەتتە سىناق قىلىنغان كىچىك شەھەر-بازارلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 138 مو يەر تېجەلدى. ئىككىنچىدىن، نوپۇس تۈزۈمدە يېڭىلىق ياراتتۇق. سىناق ئېلىپ بېرىلغان كىچىك شەھەر-بازاردا مۇقىم ئولتۇراق جايى ۋە كەسپى، كىرىم مەنبەسى بار يېزا ئاھالىسىگە قارىتا "بازار ئاھالىسى تەمناتى"نى يولغا قويۇپ، ئۇلارغا كىچىك شەھەر-بازاردا نوپۇسنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلدۇق، ھەمدە داۋالىنىش، تەربىيە ئېلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتلەردە شەھەر ئاھالىسى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلدۇق. ئۈچىنچىدىن، مەبلەغ سېلىش ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى جەھەتتە يېڭىلىق ياراتتۇق. ھۆكۈمەت، كارخانا، شەخسلەر مەبلەغ سالىدىغان ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرىدىغان كۆپ مەنبەلىك مېخانىزمنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، كارخانا، تاشقى سودىگەرلەر ۋە شەخسلەرنى مەبلەغ سېلىپ، كىچىك شەھەر-بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردۇق. شەھەرلىك مالىيىدىن ھەر يىلى كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى تەرەققىيات فوندى ئۈچۈن 2 مىليون يۈەن پۇل ئاجراتتى، ۋىلايەت(شەھەر) ، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىدىنمۇ كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىغا مۇناسىپ ھالدا مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى. كىچىك شەھەر-بازار يىغقان شەھەر ئاسراش-قۇرۇلۇش راسخوتى قاتارلىق باج پۇللىرىمۇ پۈتۈنلەي كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. 1994-يىلدىن 1998-يىلغىچە، شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلارغا سېلىنغان قۇرۇلۇش مەبلىغى جەمئىي 2 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشتى، ھەر بىر بازارغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 27 مىليون يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، "ئۈچتە يۇقىرى بولۇش"نى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇبدان تۇتتۇق. بىرىنچى، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن پىلانلاش. پىلاننى كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ باشلامچىسى قىلىپ، دۆلەت دەرىجىلىك پىلانلاش-لايىھىلەش يۈرتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى لايىھىلەش ئىشلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇپ، كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى ۋە قۇرۇلۇش پىلانىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى، كەسىپ يۆنىلىشى ۋە ئىقتىدارىنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈشىنى مۇۋاپىق بېكىتتۇق. شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان 10 بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. ئىككىنچى، يۇقىرى سۈپەتلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش. ھەقىقىي تۈردە پىلان بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ باردۇق، قۇرۇلۇشنى ئۆز مەيلىچە ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋالنى توستۇق، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇنىي ئىگىلىك تۈزۈمى، خېرىدار چاقىرىش-خېرىدار چىقىش تۈزۈمى ۋە سۈپەتنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت مۇئەسسەسە-سىنى ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، شەھەر-بازارنىڭ ئىقتىدارىنى مۇكەم-مەللەشتۈردۇق. 1998-يىلى، شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان ھەر بىر بازارغا توك يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 600 مىڭ ۋولت ئامپېرغا يەتتى، كۈندىلىك تەمىنلىگەن گاز 15 مىڭ

كۆپ مىترغا يەتتى، كىچىك شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ 97%ى تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئۈچىنچى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش. كىچىك شەھەر-بازار باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن-نىزاملار ۋە كونكرېت چارىلەرنى قېلىپلاشتۇردۇق ۋە مۇكەممەللەشتۇردۇق، فۇنكسىيە تارماقلىرى مەسئۇل بولىدىغان، ئالاقىدار ئورۇنلار ماسلىشىدىغان شەھەر باشقۇرۇش ئەترىتىنى قۇرۇپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، شەھەر-بازار مۇھىت ئاسراش، تازىلىق، قاتناش، ئامانلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كىچىك شەھەر-بازار باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردۇق.

## 3. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

ھەرقايسى كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئاساسى ئوخشاش ئەمەس، شەرت-شارائىتى پەرقلىنىدۇ، شۇڭا، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئەڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىرىنچى، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى مەركىزىي شەھەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. جېگدۇ شەھىرى چوڭ شەھەر بولۇپ، چوڭ شەھەر ئەتراپى رايونىنى يېتەكلەيدۇ، جېگدۇ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تىرەكلىك ئورنى ۋە تۈرتكىلىك رولى بىرقەدەر گەۋدىلىك، شۇڭا مەركىزىي شەھەرنى تايانچ قىلغان ھالدا كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جېگدۇنىڭ كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەۋزەللىكىدۇر. بىز جېگدۇنىڭ غەربىي جەنۇب رايونىدىكى مۇھىم مەركىزىي شەھەر بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇگزىڭگۇ، يۇگفېڭ قاتارلىق بازار تىپىدىكى كىچىك شەھەر-بازارلارنى، چىگلۇڭ، تيەنخۇي، لۇگنەن قاتارلىق ئىسكىلات تىپىدىكى بىر تۈركۈم كىچىك شەھەر-بازارلارنى، بەيجيا، شىپۇ قاتارلىق پەن-تېخنىكا تىپىدىكى بىر تۈركۈم كىچىك شەھەر-بازارلارنى بەرپا قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازار تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە يارىشا، شەھەردىكى كەسىپلەرنى پائال يۆتكەپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، شىلىڭ، خۇگگۇاڭ، يۇگنىڭ قاتارلىق سانائەت تىپىدىكى بىر تۈركۈم كىچىك شەھەر-بازارلارنى ۋە سۇپۇ، جىتۇ قاتارلىق تۇرالغۇ تىپىدىكى بىر تۈركۈم كىچىك شەھەر-بازارلارنى بارلىققا كەلتۈردۇق، پېجيەن بازىرى بىلەن چىگشەن بازىرىنى باغبارانلاشقان بازار ۋە شەھەرنىڭ ئىستراھەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقتۇق. ئىككىنچى، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى شۇ جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىز كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىدا كەسىپلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ۋە ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق بازارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، سانائەت ئارقىلىق بازارنى كۈچەيتىش، ئۈچىنچى كەسىپ ئارقىلىق بازارنى گۈللەندۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردۇق. 1998-يىلى، شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلار ئىچىدە يېزا ئىگىلىك كەسىپدىن باشقا كەسىپلەرنىڭ ئىقتىسادىي سالمىقى 1993-يىلىدىكى 82%تىن كۆپىيىپ 92%كە يەتتى، دۇگشېڭ بازىرىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئېشىش قىممىتى 1 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يەتتى، دۇگزىڭگۇ يېزىسىدىكى ھەر خىل بازارلارنىڭ يىللىق سودا سوممىسى 10 مىليارد يۈەنگە، سودا-سانائەت

باج سوممىسى 31 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۈچىنچى، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشنى سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. چېگىدۇ تۈزلەڭلىكىدە ئادەم كۆپ، يەر قىس، تېرىلغۇ يەر بايلىقى ئىنتايىن قىممەتلىك، بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ چېگىدۇ تۈزلەڭلىكىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇبدان ئاسراش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىغا ئاساسەن، سىجىل تەرەققىيات يولىغا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلىۋالىدىغان، كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىدىغان ئىشلارنى قەتئىي توسۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلانما مىقدار بويىچە ئىشلىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، مۇھىتنى بۇلغايدىغان تۈرلەرنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ھەققىي تۈردە قانۇن بويىچە مۇھىتنى ئاسرىدۇق، 1998-يىلدىكى ئەھۋالنى 1993 -يىلدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلاردا يۇندا چىقىرىۋېتىش تۈرۈبىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 58% كۆپەيدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان جامائەت كۆكەرتىش كۆلىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.5 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى، داباۋ بازىرى بىلەن ۋەنچۇن بازىرى دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيە جەھەتتە نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىش بازىرى قىلىندى. بىز يەنە ئىجتىمائىي مۇھىتنى ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلار ۋە ئامىمنىڭ شەھەر-بازار ئېڭىنى كۈچەيتتۇق، مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت، رادىئو-تېلېۋىزىيە، خەۋەر-ئالاقە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دوختۇرخانا، مەكتەپ، مەدەنىيەت پونكىتى، سىملىق تېلېۋىزىيە پونكىتى قاتارلىق پەن-تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تۇتتۇق. ھازىر پۈتۈن شەھەر بويىچە كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ رادىئو بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ۋە تېلېۋىزىيە ئومۇملىشىش نىسبىتى 95%كە يەتتى.

## 4. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

1998-يىلدىن بۇيان، بىز بازاردىكى ئۈنۈملۈك تەلەپ يېتەرسىز بولۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش قىيىن بولۇش، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش رىقابىتى كۈچلۈك بولۇشتەك ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تەدبىر تۈزۈپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام ئېشىشىغا تۈرتكە بولدۇق. بىرىنچى، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىچكى تەلەپنى ئۈنۈملۈك قوزغىدۇق. بىز مەركەزنىڭ مەبلەغ سېلىنمىسى بىلەن ئىستېمالنى بىللە قوزغىتىش توغرىسىدىكى سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىستېمالنى تېزلىتىدىغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىپ، كىچىك شەھەر-بازارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى چوڭايتىپ، يول، سۇ، توك، گاز شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، دېھقانلارنى بازارغا كىرىپ توپلىشىپ ئۆي سېلىشقا پائال يېتەكلەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالىنى زور كۈچ بىلەن ئاشۇردۇق. 1998 -يىلى شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 600 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ھەر بىر بازارنىڭ كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 مىليون 670 مىڭ

يۈەنگە يەتتى، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سودا ئورۇنلىرى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.8% ئاشتى. ئىككىنچى، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولدۇق. بىز كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى پۇرسەت بىلىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى راسا تۇتۇپ، دېھقانلار ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش پۇرستى ياراتتۇق، ئۆز جايىمىزدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا بولغان ئېھتىياجنى چوڭايتىپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق؛ سودا، يېمەك-ئىچمەك، قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى كېڭەيتتۇق؛ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتىشىگە ياردەم بەردۇق. 1998-يىلى شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3049 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.5% ئاشتى. ئۈچىنچى، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. "پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېچىۋېتىشنى چىڭ تۇتۇش، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنى تۇتۇش" دېگەن پىكىرگە بىنائەن، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئىشكىنى ھەر تەرەپلىمە سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، مەبلەغ سېلىشنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىق شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىي ئوبرازى يارىتىلىپ، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتىكى جەلپ قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلدى، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1998-يىلى شەھەر بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلغان بازارلار جەمئىي 1 مىليارد 900 مىليون يۈەن، ھەر بىر بازار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21 مىليون يۈەن كىرگۈزدى.

**(ئاپتور: ج ك پ سىچۈەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، چېڭدۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 04

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857/CN11－2498/D
邮发代号:2－373 定价:2.80元 邮政编码 100013